
نۇرمۇھەممەت (ئېركى)
مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز (سوزۇك)

# ۋەتەن قەدرى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

نۇرمۇھەممەت (ئېركى)
مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز (سۆزۈك)

# ۋەتەن قەدرى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھاجى مىرزاھىد كېرىمى


**ۋەتەن قەدرى**

(شېئىرلار توپلىمى)

ئاپتورى: نۇرمۇھەممەت (ئېركى)
مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز (سوزۇك)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇقېيۇم ئەبەيدۇللا

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1168×850مم 1/32

باسما تاۋىقى: 4.875 قىستۇرما ۋارىقى: 1

1993 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى

1994 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 3070 — 1

---

ISBN 7—5373—0438—6/I·107

باھاسى: 1.80 يۈەن

# مۇندەرىجە

## نۇرمۇھەممەت (ئېركى)

### ئۈچەنچى تامغىلار


ئىشق ۋە ئېركى ........................................ 1
شائىرلىق توغرىسىدا پاراڭ ........................... 2
يارنى سېغىندىم ........................................ 5
ئاشىقنىڭ ئەرزى ........................................ 7
تەمەخور «ئادەم» (ساتىرا) ............................ 9
سۇرەتتىكى بەر ........................................ 12
مەھبۇبقا ئىلتىماس ..................................... 14
ئاجايىپ قاراش ........................................ 15
مەھبۇبەمگە سوئال ..................................... 17
بىرىنچى خەت ........................................ 19
بىر «شائىر» نى ئاگاھلاندۇرۇش ........................ 21
... گۈلگە ........................................ 22
ئەدىبنىڭ ھاياتى ..................................... 24
سۆز ۋە ئەمەل ........................................ 26
«بەر» پاجىئەسى (يۇمۇر) ............................ 28
كۆڭلۈم سەندەدۇر (مۇقىمغا تەقلىد) .................... 29
يارغا ........................................ 31
مۇھەببەت ۋە جالىق ..................................... 33
تەبرىكنامە (مۇخەممەس) ............................... 35

هاراقىنىڭ 25 خىل تاماشىسى (ھەجۋىي) ........ 38
ئىتتىپاقلىق بىباھا گۆھەر ........ 45
ۋەتەنىنىڭ باھارى (قەسىدە) ........ 49
ۋەتەن مۇھەببىتى (چاتما) ........ 54
يادنامە (تەرجىئى بەند) ........ 62
سەزمەسلەر يەنە ........ 68
رۇبائىي ۋە مۇرەببەلەر ........ 70


## مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز (سوزۇك)

## يېنىپ تۇرغان شام


ساباغا ........ 75
مەرسىيە ........ 77
يار ئەتمىگۇم ........ 79
بىر ئىشقى تەرەننۇم ........ 81
ئۆتەي ........ 82
بۇلبۇلغا ........ 83
ۋەتەن قەدرى ........ 85
مەرسىيە ........ 87
جان قۇشىغا! ........ 89
ئىست، ئالتۇن ئۆمۈر ........ 91
قەلەمگە خىتاب ........ 92
تىلەك ........ 93
پۇشايمان ........ 94
كىتاب ........ 95
ھايات ۋە تەلەپ ........ 97
شائىر ۋە ئىلھام ........ 99

ئاتا ۋە ئوغۇل ........ 103
سازەندىگە ........ 105
ئاھ، كۆچۈم ........ 107
دىلبىرىمگە ........ 108
ئانا تىلىم ........ 109
ئەيلىدىك ........ 112
ۋاقىت ۋە كۆرەش ........ 114
تەرك ئەيلە ........ 116
دەريا ۋە ھېسسىيات ........ 118
دىلبىرىمگە خەت ........ 119
مەنىۋى ئۆلۈك ........ 121
خىلۋەتتە ياتقان دوستۇمغا ........ 122
ئارزۇيۇمغا ........ 124
«قەشقەر ئەدەبىياتى» غا مەدھىيە ........ 126
گۆدەك چېغىمدا ........ 128
كۆز ئالدىمغا كېلۇر ........ 132
ئىستىسەك ........ 133
چېچىلغان كۆڭلۇمگە (غەزەل) ........ 134
بىر باشلىققا ........ 135
قېرىلىقتىن شىكايەت ........ 136
ئارمىنىم (غەزەل) ........ 137
پارچىلار ........ 139
يادىكار ........ 144

نۇر مۇھەممەت (ئېركى)

# ئۆچمەس تامغىلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرھات ئېركى

# ئىشق ۋە ئېركى

ئەجەب، ئەجەب تېپىشۋالدىم، كۆيۈپ بالا ئېركى،
بولۇپ پەرىگە مەن ئاشىق جاھان ئارا ئېركى.

گۆزەل، گۆزەل، نىگارىمنى قۇياشقا ئوخشاتسام،
بولۇپ قالغاي ئاڭا بۇ ــ بەك، تۆۋەن باھا ئېركى.

نى ھەد، نى ھەد! ساڭا كۆيدۈم، دېمەك ماڭا ئەي گۈل؛
كۆيۈشنى شاھقا گادا، ئەيلىمىش راۋا ئېركى.

تىزىپ، تىزىپ، يازارمەنكى، كېچىچە مىڭ ـ مىڭ سۆز،
نىگار يولۇقسا دېيەلمەي، ئەجىپ گاچا ئېركى.

قاراپ ـ قاراپ كۆرۈۋالدىم، قاناي دېدىم يارغا...
قاراپ كۆڭلۈمگە ھەردەم ئوت ياقار يانا ئېركى.

دېسە، ھەقتۇر جاھاندا ئىشق ئوتىنى بەك دەھشەت،
شۇڭا دوستلار ھەمىشەم دەردى بى داۋا ئېركى.

1946 - يىل، قەشقەر

## شائىرلىق توغرىسىدا پاراڭ

— ھەۋەس قىلسام شائىرلىقنى،
بولامدىكىن ئۆگەنىشكە؟
دېدى شوئىنداق بىر ئاغىنەم، —
بىركىم بولسا ئۆگىتىشكە.
بەك تىرىشسام ساڭا ئوخشاش،
يالغۇز ئۆيگە كىرىۋېلىپ.
مىڭ ئۆچۈرسەم، مىڭ كۆچۈرسەم،
ئالتە قۇرنى يېزىۋېلىپ...

دېدىم: مۇمكىن ئۆگىنىشكە،
تىلسىم ئەمەس شېئىر دېگەن،
«شېئىر» ئاتاش بىراق قىيىن،
شېئىر ياردىم دېگەن بىلەن.

شېئىر يېزىش ئۈچۈن پەقەت —
شائىرلىق بىر يۈرەك كېرەك،
يۈرىكىمگىنى ئۆلچەپ باققىن،
شائىرلىقنى قىلساڭ تىلەك،

— قانداق يۈرەك ئېيتساڭ، — دېدى،
شائىرلىق بىر يۈرەك دېگەن؟
ئاڭلاپ باقسام، چاغلاپ باقسام،
يۈرەكنى شۇ ئۆلچەم بىلەن.

— ۋولقان چىقار ھارارەت تاغ،
دېسەم شائىر يۈرىكىنى؛
ئاتىيالماس ھېچكىم ئۇنىڭ،
ھېچ ئۆلۈك دەپ ئۆلۈكىنى.
ئەسىرلەرنىڭ كۆز پەسلى ھەم،
ئۆچۈرەلمەس پىلىكىنى.
كەسسە كېسەر قىلىچ، ئەمما —
قايرىيالماس بىلىكىنى...
ئېقىن سۇدەك توختىمايدۇ،
تۈندە ئايدەك ئۇخلىمايدۇ...
شائىر يۈرىكى شۇنداق بىر ئوت،
ئاددىي ئوتقا ئوخشىمايدۇ...
كىشى تارتقان ئەلەم ئۈچۈن،
شائىر يۈرىكى جىزىلدايدۇ...
ھەقسىزلىكتىن قىلچە كۆرسە،
پارتلايدۇ ئۇ، شۈك تۇرمايدۇ...
تۇرسا بۇ ئىش ئالەم ئارا:
ھەر ئىككىسى ئادەم تۇرسا،
تۇرسا بىرسى كۈلكە ئىچرە...
بىرسىگە كۈن ماتەم تۇرسا...
بىرى قىشتا يالىڭاياغ،
بىرسى «نان» دەپ سازا قىلسا،

بىرى يۆرسە شېكەر سىڭمەي،
بىرىگە ئاچلىق جازا قىلسا...
ناھەق دەيدۇ شائىر قەلبى،
ھەممە ئادەم دەپ يارالغان.
ئالەم ئۈچۈن بۇ ھاياتلىق
ئەمەس قايغۇ، ياكى زىندان...
شائىر ئىشى، دېدىم پەقەت،
بىر ھەقىقىي يۈرەك ياساش،
ھايات ئۈچۈن بىر يۈك ئەمەس،
تالمايدىغان بىلەك ياساش.

1959 - يىل. قەشقەر



# يارنى سېغىندىم

ئەسلەپ كېچىلەردە يار، سېغىندىم،
دائىم چالىمەن دۇتار، سېغىندىم،
بولدۇم ساڭا بەك خۇمار، سېغىندىم،
ۋەسلىڭدۇر ئېسىل ئىپار سېغىندىم.

يوق ئۇيقۇ جېنىم، كۆزۈمدە ھەر تۈن،
سەنسىز تېتىماس قۇلاققا ھېچ ئۈن...
يەكشەنبە قاچان؟ — سېنى كۆرۈش كۈن...
كۈنلەرنى دىلىم سانار، سېغىندىم.

كۆرگۈم كېلىدۇ، ئۆزۈڭنى ھە - دەپ،
قىلغۇم كېلىدۇ، سېنىڭ بىلەن گەپ...
يۈرگۈم كېلىدۇ، سېنى شەكەرلەب —
قولتۇققا ئېلىپ قاتار سېغىندىم.

ھەرقانچە جاپاغا بۇ جان چېنىقتى...
غالىب يۈرىكىم يىگىتلا چىقتى!
يالغۇزلۇق ئەجەب يۈرەكنى سىقتى...
ئۈلپەتچىلىكىڭ نىگار سېغىندىم.

ماس كەلگەن ئىدۇق، مىسالى ئوخشاش؛
ئالتۇن ئۆزۈككە بىرلىيانت تاش...
دوستۇم سەن ئىدىڭ، مۇڭۇمغا مۇڭداش،
قىش كۆڭلۈم ئۈچۈن باھار سېغىندىم.

كۆڭلۈمنى ئېزەر ھامان جۇدالىق...
ئەپسۇس، كۆرىمەن سېنى خۇمالىق؛
ئۆز يارىم ئۈچۈن قىلىپ گادالىق،
لېۋىدىن شېكەر تامار سېغىندىم.

يار ياندا تۇرۇپ ئۆتەمدۇ يارسىز —
بۇ غۇنچە دىلىم، مېنىڭ باھارسىز؟
ئەيىبلىك بۇ جەھەتتە، قايسى ئارسىز؟
ئۇنداقتا نومۇسۇ - ئار سېغىندىم.

ھېچ قالمىدى سەبرى ئېركى جاندا،
ئەزدەپ كېلىسەن جېنىم، قاچاندا؟
ۋەدەڭنى ئەۋەت نىگان - نىگاندا،
كەلمەكنى قىلىپ قارار سېغىندىم!

1962 - يىل، قەشقەر.

## ئاشىقنىڭ ئەرزى

ئوتتۇزدا بۇ غېرىب ئاشىق، كۆيۈپ گويا كاۋاپ بولدى،
ئەگەر بىر باقمىساڭ رەيھان، مېنىڭ هالىم خاراب بولدى...

كۆرەمسەن بىر يېرىدىپ باغرىم، سىنايسەن قانچە ۋاخ جانان؟
سېنى بىر باقمىقىڭ بىرلە، پەقىر ئاشىق سىناپ بولدى...

چۈشۈمدە بىرگە يۈرسەم دەپ، ياتاردا ئەسلىنىپ ياتتىم،
چۈشەي قالسام بىراق كۈندۈز تاپالماستىن ئازاب بولدى.

قېشىڭغا بىر قېتىم كەلسەڭ ۋە ياكى مەن ئۆزۈم بارسام،
سېنى بىر مەررە كۆرمەكلىك — ماڭا بىر هەج تاۋاپ بولدى.

دېسەم دوستۇمغا «گەپ» بولغاي، ئۆزۈڭگە يا — دېيەلمەيمەن...
سىرىم ئېيتماق ئۈچۈن ئەلچىم — ساڭا دۇتار راۋاب بولدى.

ئۆزۈم شائىر ئەمەس ئەردىم، ئوتۇڭ شائىر قىلىپ قويدى:
سېنىڭ شەنىڭ ئۈچۈن ئېيتقان قوشاق ئون توم كىتاب بولدى.

قولۇمدا سۈرەتىڭ تۇتتۇم، كۆزۈمنى ئۈزمىدىم سەندىن...
جۇدالىق ئاغرىقى بىرلە، بۈگۈن ئېركىنىڭ بىتاب بولدى.

1963 - يىل، قەشقەر.

## تەمەخور «ئادەم»

(ساتىرا)

قەشقەر دېگەن شەھەردە كۆرمىگەنتىم بۇچاغقا،
«ئادەم» ئىكەن، مىجەزى ئوخشايدىكەن ئۇلاغقا.

شەكلى گويا بوغۇرساق، پۆۋلەپ قويغان دوۋۇساق،
بىئىختىيار كۈلىسىز، خۇدا بەرگەن قورساققا...

مانتا بەرسە بەك ئۇلۇغ، ئەسكى قازان — كىر قازان...
ئاش چىقمىسا ئاداۋەت تۇتار چىنە - تاۋاققا.

نەدە كۆرسەڭ قېقىتقاي، ماختاپ شالىنى ئېقىتقاي...
دۇئا قىلغاي قول ئېچىپ، ئىككى رومكا هاراققا.

ئۇچراپ قالساڭ كوچىدا، تولغاق سۆپەت تۇتىدۇ...
قىلىپ تۇرغان ئىلتىجا، ئېلىپ بار دەپ قاۋاققا.

كىچىك كادىرمەن دەيدۇ، يوغان كادىرسەن دەيدۇ...
ياراتمايسەن، قاچىسەن ئۇنىڭدىن تېز يىراققا.

قۇتۇلمايسەن ئۇرمىساڭ، بىر تەخسە ئاش كېلىغا،
تاشلىغاندەك تۆكۈندى — يۇندىلارنى يالاققا.

ئاش بەرمىسەڭ بىر قېتىم، تۆھمەت تەييار قوينىدا،
يۈزى قانسىز چېقىمچى، بەكمۇ ئۇستا ياماققا:

«پالان بىلەن گەپلەشتى، پالان كىردى ئۆيىگە...
يۈرگەن دوستى پالانچى، كىرىپ چىققان سولاققا.

سالاملاشماي ئۆتۈپتۇ، جۇجاڭ باقسا بىر كۈنى،
ئاكتىپلارنى تىللاپتۇ، يۆلەشتۈرۈپ چاقچاققا.

ئۇقساق ئىكەن زىيالىي، بالدۇر كاتتا ئىش قىلغان،
بىزگە قارشى خىيالى، ئىلناشمايدۇ پۇتاققا.

بىر قىز بىلەن كۆرۈشتى، يول ئۈستىدە كۈلۈشتى...
بولۇش كېرەك ئاشنىسى، كۆزى ئوخشاش بۇلاققا...»

پىتنىخورلۇق شۇ يوسۇن ئۇ «ئادەم» نىڭ كەسپىدۇر،
قويمىغاي دەپ قورقمەن! شۇنداق چېقىپ چاتاققا.

كۈندۈزلىرى كۆرسىز، مىڭ تاغار ۋەز ئاغزىدا...
ھەيران بولۇپ قالمىسز بۇ گەپ ساتار ۋالاققا.

كېچىلىرى كۆرسىڭىز، تام تۈۋىدە يورغىسى...
غاجاپ بەلكىم دۈم چۈشەر... يەنە پۇلسىز شاپاققا.

ئىشىڭ بولسا ئۆينىڭغا، گەپنى باشلا كاۋاپتىن،
ھەرگىز قورۇق ئىلتىماس خۇش ياقمىغاي قۇلاققا.

گال پاسكىنا، تىل كېسىك، ئىستىل بۇزۇق، ئاڭ تۆۋەن،
ئوخشاپ قالغان ئۇ «ئادەم» خۇددى جەندە قوراققا.

— يەيدۇ يەتتە دوزاخنى، — دەيدۇ، — ئاغزى كۆيمىسە...
ئىسمى چىقسا ئۆينىڭكى، ھەممە كۆلۈپ مازاققا.

※ ※ ※

سەجدە قىلساڭ باش قويۇپ، ھامان پۇلسىز تاماققا،
خۇدا سېنى جازالار، دوم چۈشسەن پاتقاققا.

خەلقىنىڭ قولى كېلىڭغا يېقىن كەلدى ھوشيار بول!
ئىپلاس تۇرۇپ «سەپ» ئارا بارالمايسەن ئۇزاققا.

ئۇيغۇرلاردا ماقال بار، ئاڭلاپ قويغىن بەچچىغەر:
«قېرى تۈلكە بۇرنىدىن ئىلىنىپ قالار تۇزاققا».

1967 - يىل، قەشقەر.

## سۈرىتىڭنى بەر

سۈرىتىڭنى بەر ماڭا، ھەر دەم سېنى كۆرگۈم كېلۇر،
يۈز - كۆزۈمگە ھەج تاۋاپ قىلغان سۈپەت سۈرگۈم كېلۇر.

مەن ياشاپ يۈردۈم خىيالىڭ بىرلە دائىم دوست بولۇپ...
سۈرىتىڭ ھەم بولسىمۇ، باغرىم تېگىپ يۈرگۈم كېلۇر

مەنىلىك باققان كۆزۈڭدىن، دەردىم ئاڭلاپ ھەر زامان،
سىردىشىپ شۇ — ئارقىلىق، سەن بىرلە سۆزلەشكۈم كېلۇر.

ھەر قېتىم چىقساڭ تالاغا، شۇم رەقىبلەر كۆرگۈسى...
خاس كۆرۈپ سۈرەت ئارا، ئەرزىمنى بىلدۈرگۈم كېلۇر.

لەختە - لەختە قان يۈرەك، سۆز قىلغىنىڭدا غەيرىگە،
سۆز ئەمەس باققان ساڭا — مەككارنى ئۆلتۈرگۈم كېلۇر.

رۇخسارىڭ ئەسكە كېلىپ، پات - پات سېنى قولغا ئېلىپ،
قايتا قوينۇمغا سېلىپ، جانغا ئارام بەرگۈم كېلۇر.

قانىمدى ئېركىنلىك ساڭا، بىرقانچە كۈندە بىر كۆرۈپ...
سۆرىتىڭنى بەر ماڭا، ھەردەم سېنى كۆرگۈم كېلۇر.

1968 - يىل، قەشقەر.



## مەھبۇبقا ئىلتىماس

سەن ئەگەر بەرسەڭ كۆڭۈلنى، مەن پىدائىي جان قىلاي،
جان ئەمەس، پۈتكۈل جاھاننى، سەن ئۈچۈن قۇربان قىلاي...

بىللە ماڭساڭ قاشلىرىمدا، دائىمىتىپ ئالەمگە مەن،
دوستلىرىمنى شاد ئېتەي، دۈشمەنلىرىمنى قان قىلاي.

بارمۇ سەن دەپ بىر قېتىم كەلسەڭ غېرىب خانەم ئارا،
كۆزلىرىمنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلاي.

ئەركىلەپ كەلگىن قېنى، كۆڭلۈم ئارا گۈللۈك ياساپ،
گۈل قىلىپ ئاسراي سېنى، دائىم پۇراپ رەيھان قىلاي.

1968 - يىل، قەشقەر.

# ئاجايىپ قاراش

بىر كۈلۈپ ئۆتتۈڭ ئاجايىپ، قايتا دىلدار باقمىدىڭ
شۇنچە كۈتتۈم بىر بېقىشنى، چەككە تەكرار باقمىدىڭ.

قانچە ئۇچراشتىم يولۇڭدا، ئىلتىپات قىلدىڭ بىراق،
شۇ بېقىشتەك بىر بېقىشنى، ئەمدى زىنهار باقمىدىڭ...

ئۆلمىسۇن دەپ بەلكى قورقتۇڭ، قايتا باقماقتىن ماڭا،
مەن بولۇپ قالماي دېدىڭ قاتىل ۋە خۇنخور، باقمىدىڭ.

سۆزلىگەننى كۆز دېگەننىڭ، سەندە كۆردۈم ئەي پەرى!
كۆزلىرىم گەپ قىلمىسۇن دەپ ئەيلىدىڭ ئار، باقمىدىڭ.

ئىشقىنىڭ كۈچىنى بىلدىم، مەن گۈزەللىڭ كۆزىدىن...
بىر قاراپ قىلدىڭ مېنى بىر مۇنچە بىمار... باقمىدىڭ.

ئويلىدىم بىر قانچە كۈن، شۇ — بىر قاراش ئوبرازىنى:
بىر سېھىرلىك، بىر مېھىرلىك بىردە ئەييار... باقمىدىڭ.

كۈندە ئايلاندىم كوچاڭنى، ناخشا ئېيتىپ ئاخشىمى،
سىرنى دۇتارىم بىلەن قىلساممۇ ئىزهار، باقمىدىڭ.

چۈشىنەلمەي شۇ — قاراشنى، سورىيالماي مەئنىسىن...
كۆزلىرىڭگە كۆزلىرىڭدەك ئېركى خۇمار باقمىدىڭ.

1968 - يىل. قەشقەر.

# مەھبۇبەمگە سوئال

ئەجەب دەردىڭ يامان يارىم! ئۆزۈڭ ئادەممۇ، ئاپەتمۇ؟
ساڭا باغلانمىقىم مۇنداق، بەختمۇ ياكى ئامەتمۇ؟

چاقايدى كۆزلىرىم باقسام، يۈزۈڭ چىراغ — مەشئەلمۇ؟
ۋە يا ئاپتاپ لاۋۇلدىغان، بۇ كۈن مەھشەر قىيامەتمۇ؟

چىرايلىق گەپ قىلىپ ئاۋۋال، كۆڭۈلنىڭ قۇشىنى ئۈندەش،
جاپا قىلماق كېيىن سەندەك... چىرايلىقلارغا ئادەتمۇ؟

ئالايما! — باقمىغىن ئۇنداق، سېنى سۆيگەن «گۇناھىم» بار،
يامان كۆرمەك ئەگەر سۆيسە، كىشىكىم بۇ، ئادالەتمۇ؟

خاتا دەپ قىلمىغىن تەشۋىق، مۇھەببەتتىن كېچەلمەيمەن...
تىلەك مەيلى ئىجاۋەتمۇ ۋە يا تەقدىر ھالاكەتمۇ...

مېنى قورقۇتما «دوزاخ» دىن، «بۈيۈك مۇنكىر - نەكىر» لەردىن!
مۇھەببەت ئالدىدا بىردەك — قىيامەتمۇ، ساياھەتمۇ...

ئىكەن كۆڭلۈم ئۆزۈمنىڭكى! ھوقۇقلۇق كىمنى ئۇ سۆيسە...
سۆيۈشنى زورلىماقتىن چوڭ، جاھاندا يوق قاباھەتمۇ...

مېنى سۆيدۈم، سەۋەب بولدى: سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭ بىرلە،
ئېلىپتەك زىلۋا قامەتىمۇ، قىزىلگۈلدەك نازاكەتىمۇ...

دېگەن ھەربىر سۆزۈڭ ھەردەم، پىچىرلاپ ئېركى ئەسلەيمەن،
ئۇنتۇماي ھېپىزى قىلدىم ئۇ: ھەدىسمۇ ياكى ئايەتمۇ؟

1968 - يىل، قەشقەر.



## بىرىنچى خەت

تاپمىدىم جامال ھەرگىز، سەندىكى جامال ئوخشاش،
شۇنچىلىك كېلىشكەن ئۇ، قاشلىرىڭ ھىلال ئوخشاش.

كۆزلىرىڭ ئىكەن جاللات، قەتلى قىلادى ئادەمنى...
سۆزلىرىڭ ھايات بەردى، ئۇ — پەقەتلا بال ئوخشاش.

يۈزلىرىڭگە گۈل ئوخشاش، بەلكى گۈلمۇ قۇل ئوخشاش،
بويلىرىڭ گۈزەل قەشقەر، باغلىرىدا تال ئوخشاش.

بىر كۈلۈپ قاراش بىرلە، دىلنى ئەيلىدىڭ مەپتۇن،
خۇد ناۋايى شېئىرىدەك بىر نەپىس خىيال ئوخشاش...

تاشلىدىم مۇھەببەتتىن، ئويغىتىشقا بىر ئالما...
دىلدىكى ھارارەتكە، بۇ — ئىدى ئامال ئوخشاش.

بار ئىدى ساڭا پىكرىم، سۆيگۈ بابىدىن ئازراق...
ھۆنى سەن قوبۇل قىلساڭ ئاي يۈزۈڭگە خال ئوخشاش.

سۇ بويىدا ساقلايمەن، سۆزلىشىشكە خۇشتارمەن...
كۆتىمەن جاۋابىڭنى، بۇ — خېتىم سوئال ئوخشاش.

1968 - يىل، قەشقەر



## بىر «شائىر» نى ئاگاھلاندۇرۇش

شائىرىم، توختات ئۆزۈڭنى، شۇنچە ئەشئارىڭ غەلەت!
قاپىيەڭ كەلگەن بىلەن، مەزمۇندا ئىزھارىڭ غەلەت!

قاش ئەمەس، بىر تال كۆمۈر ئۇ، چاچ ئەمەس، ئات قۇيرۇقى...
سەن كۆيۈپ قاپسەن «گىرىم» گە، ئۇ، گۈزەل يارىڭ غەلەت!

قېنى ئىنسانىي ھاياتىڭ؟ جۇرئىتىڭ، شىجائىتىڭ؟
گەپتە بارۇ، ئىشتا يوق ئۇ، ساختا گۈلزارىڭ غەلەت!

شېئىر يازدىم دەپ يۈرەرسەن، خەلق ساڭا كۈلمەكتىلەر،
ياڭزىغان ئاۋازلىرىڭغا بىزدە بازارىڭ غەلەت!

«ئېركى» شائىر — خەلق ۋەكىلى خەلق تىلى، خەلق يۈرىكى،
ئاجرىما خەلق تۇيغۇسىدىن، قىلما ئەشئارىڭ غەلەت!

1969 يىل، 11 - ئاي، قەشقەر.

## ... گۈلگە

گۈلگە ئوخشاش، ئايغا ئوخشاش، كۈنگە ئوخشاش تەلئەتىڭ،
بەك چىرايلىق دەپ تارالدى، شۇ سەۋەبتىن شۆھرەتىڭ...

چاچلىرىڭغا قىلدى تازىم، «لەيلى - مەجنۇن» باش ئېگىپ،
غۇنچە كۆرگەچ قانغا تولدى، غۇنچە بويلۇق قامەتىڭ.

رەڭمۇرەڭ گۈللەرمۇ ھاڭ - تاڭ قالدى ئاخشام باغچىدا،
رەڭمۇرەڭ ئازادە بولغاچ، يوپكا، كاستيۇم، خىلئەتىڭ.

ماڭمىقىڭدا بىر ئويۇن بار، باقمىقىڭدا ئون ھۈنەر،
سۆزدە يۈز خىل ئۇستىلىق بار، كۆزدە مىڭ بىر سەنئەتىڭ.

يا، مېڭەمدىن چىقمىدىڭمۇ، ئەسلىدىڭمۇ يا، مېنى؟
كەلدى ئالدىمغا كۈلۈپ، ئاخشام چۈشۈمدە سۈرەتىڭ.

بىر قاراپ قوي، بىر كۈلۈپ باق، سەن ئۈچۈڭدا شۇ بۈگۈن،
بىر تەبەسسۇم، بىرلە كەتكۈز، شۇنچە قىلغان كۈلپەتىڭ.

ھەممە كۆيگەن ئاشىقىڭدىن كۆيدى مىڭ چەندان ئوشۇق،
ھەممىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بولدى ئېركى قىممىتىڭ.

1970 - يىل. قەشقەر.

## ئەدىبنىڭ ھاياتى

تىرىكلىكتىن نېسىۋەم شۇ ئىكەن شائىر ئاتاق ئالدىم،
ۋەتەننىڭ دەردىدىن ئەلھەمدۇلىللا بىر قۇچاق ئالدىم.

جاھاندا ئاقچى تاپماقنى بۆلەك يۇرتداشقا قالدۇردۇم،
قىلاي دەپ ئەل ئۈچۈن خىزمەت «قەلەم» ئاتلىق ياراق ئالدىم.

جاھاندىن ئۆتتىلەر ئۆمرۈم، ئىلىمگە ياخشى سۆز ئىزدەپ،
خىيال بازارىدىن قەلبىمدە مەن لايىق قوشاق ئالدىم.

ئەزىز ئەۋلاد، ھاياتىمدىن پەخىرلەن زەررە شەك قىلما:
ئۆزۈم ھەربىر زامانلاردا خۇشامەتتىن يىراق ئالدىم.

ھايات — گۈزەل ھايات، شېرىن ھايات دەردلىك — ھايات بولدى،
خىيال — تاتلىق، خىيال — ئاچچىق خىياللاردىن تاماق ئالدىم.

ھەقىقەت، خەلق ئۈچۈن ئىزدەپ كۆچۈردۈم خاكسارلىقنى،
جامائەتنىڭ ھېسابىغا بېشىمغا مىڭ تاياق ئالدىم.

ھاياتىمدىن قىلىپ تۆھپە، قولۇمغا: «ئەلگە خىزمەت» دەپ،
مۇشۇنداق ئېركى ئىستىقبال ئۈچۈن بىر جام ھاراق ئالدىم!

1970 - يىل، قەشقەر.



# سۆز ۋە ئەمەل

«ئەمەلى يوق سۆيى،
تۇخۇمى يوق توخى»
(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

كۆپ چىرايلىق گەپنى كۆردۇم، كۆرمىدىم ھېچبىر ئەمەل،
ھەر يوغان گەپنىڭ يۈزى شۇڭلاشقا داغ ئالدىمدا چەل.

كېپى بىرلە ئىشى ئوخشاش، تىلى بىرلە دىلى بىر،
بارمىكىن شۇنداق كىشى، ئۇچراتمىدىم دۇنيادا دەل.

تۇخۇمى يوق توخى گويا، ئەمەلى يوق سۆپىدۇر،
بۇ ئۇنىڭغا توپ خاراكتېر، مۇشۇ كۇندە شۇ مەسەل.

سۆز چىرايلىق نۇتقىدا، كىتاب، گېزىت، مەجلىستە بەك...
شۇنچە گەپلەر «ئىش» يۈزىدە، خۇمسىدەك تولغايدۇ بەل.

گەپتە ماركس، گەپتە لېنىن، گەپتە ئامما، گەپتە خەلق...
شۇ يوسۇن گەپلەرگە ئۇ باي، ئىش ــ ئەمەلگە كەمبەغەل،

نىمە پايدا «سۆز» دېسەك، ئايەت كەبى سۆزنى ئوقۇپ،
بۇ خۇراپىي چارە قىلغاي، ئەلنى ئەخمەق، چۆچۈمەل.


مەن زېرىكتىم ساختا گەپتىن، ماڭا جالىق ئەرزىمەس.
ئۇسما قوي، ئەڭلىكنى سۈرت، قانداق كىيىپ قانداق بېزەل.

تۈزى يوق ئاشتەك تېتىقسىز، ئەمەلى يوق گەپ دېگەن.
بۇ سۆزۈڭدىن ياخشىراق، يارىمغا ئېيتقان بىر غەزەل.

بىر سۆزۈم بار قۇلىقىڭغا، ئەستە تۇت مىڭ يىلغىچە:
ئىشنى كۆرمەستىن ئىشەنمە، گەپكە ھەرگىز بۇ مەھەل.

قوي كېپىڭنى يەڭنى تۈرگىن ئەلگە نەپ بەر تەر تۆكۈپ،
ماڭا لازىم بىر ئەمەل: گەپكە ئەمەل، ئەمەل، ئەمەل!

1971 - يىل، قەشقەر.



## «بەر» پاجىئەسى

(يۇمۇر)

تارىخلارنى ئاختۇرسام،
مۇنداق قىزىق ئالەم يوق:
پۈتۈن ئادەم «بەر» دەيدۇ،
«مە» دەيدىغان ئادەم يوق!

1975 - يىل، قەشقەر.

## كۆڭلۈم سەندەدۇر

(مۇقىمغا تەقلىد)

لەۋلىرىڭ تاتاتلىقىدىن مىڭدە بىرسى قەندەدۇر،
«تەڭرى» نىڭ خۇش سەنئىتى، ئويناپ كۆزۈڭ كۆلگەندەدۇر.
شۇ سەۋەبتىن مۇنچە ئىشقىڭ، مۇنچە مېھرىڭ مەندەدۇر،
مەن ئۆزۈم ھەرجايدا مەن، پىكرىم - خىيالىم سەندەدۇر.

قانچە باقسام گۈل يۈزۈڭگە، شۇنچە كۆز تويمايدۇ ھېچ،
مەن ئۆزۈم باقماي دېسەم، كۆڭلۈم مېنىڭ قويمايدۇ ھېچ.
يا، دېسەم قايتىپ قالاي، ھەرگىز تېخى بولمايدۇ ھېچ...
مەن ئۆزۈم ھەر جايدا مەن، پىكرىم - خىيالىم سەندەدۇر.

ئۇچرىشىپ قالساق ئەگەر، يۈز سارغىيىپ تەن تىترىدى،
مەندىكى سوققان يۈرەكنى، ياندا دوستۇم ئاڭلىدى...
... ئېيتمىدىم، بۇ ھالىتىمدىن، ھەممە ئىشقىم داڭلىدى...
مەن ئۆزۈم ھەر جايدا مەن، پىكرىم - خىيالىم سەندەدۇر.

كۆزلىرىڭ قىيا بېقىپ، ئويناپ پەقەت تىنمايدىكەن،
بىر قاراپ مەندەك يىگىتنى، توپ ئېتىپ ئوينايدىكەن،
ساڭا بىر باققان كىشى، بىر نەچچە كۈن ئويلايدىكەن...
مەن ئۆزۈم ھەر جايدا مەن، پىكرىم - خىيالىم سەندەدۇر.

ئىش قولۇمدا، پۇت يولۇمدا... سەن بىلەن مەشغۇل مېڭەم.
مەندە يوق، دۇنيا تۇغۇل، دوزاخ ـ بېھىش ئۈستىدە غەم.
ئويلىسام دەيمەن سېنى، باش ئىشلىسە ئۆلگەندە ھەم...
مەن ئۆزۈم ھەر جايدا مەن. پىكرىم ـ خىيالىم سەندەدۇر.

بىر مۇھەببەتلىك قارايسەن، سۆزلىمەيسەن تارتىنىپ...
بىرمۇ يۈرسەك نىم بولار. ياتقا قالماي ئالدىنىپ.
يولدا تۇردۇم تەلمۈرۈپ... كەلسەڭچۇ جانان ئاتلىنىپ،
مەن ئۆزۈم ھەر جايدا مەن پىكرىم ـ خىيالىم سەندەدۇر.

كۆيگىنىم ھەزمەن ساڭا، ئەلۋەتتە «تەخمىنەن» ئەمەس،
يار بولالمىسەن ماڭا، ئۆلپەتتە تەخمىنەن ئەمەس؟
ياز ماڭا قەتئىي جاۋابىنى. خەتتە تەخمىنەن ئەمەس!
مەن ئۆزۈم ھەر جايدا مەن، پىكرىم ـ خىيالىم سەندەدۇر.

«مېنى ئۇنتۇپ قالما» دەپ، ئېيتقان سۆزۈڭ يادىڭدىمۇ؟
«لەۋلىرىمگە سۆي» دېبان باققان كۆزۈڭ يادىڭدىمۇ؟
بىرگە ئۆتكەن نەچچە يىل ... مەن ۋە ئۆزۈڭ يادىڭدىمۇ؟
مەن ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، پىكرىم ـ خىيالىم سەندەدۇر.

سۆيگىدىن كەچتىمكى ھەتتا. بەك يامان كۆندەشلىكىم...
غەيرىگە گەپ قىلغىنىڭدا، كەلدى قاتتىق غەشلىكىم،
شۇ سەۋەبدىندۇر قېيداش. ئىركىلىك ئاتەشلىكىم...
مەن ئۆزۈم ھەر جايدا مەن، پىكرىم ـ خىيالىم سەندەدۇر.

1975 - يىل، قەشقەر.

# يارغا

قايسى بىر خىسلەتنى ماختاي، تۇرسا مىڭ بىر خىسلىتىڭ؟
قايسى بىر سۆز ئەرزىگەي، تەسۋىر ئېتىشكە سۈرىتىڭ.

ئۇتلىرىڭدا مەن كۆيەرمەن، كېچە ـ كۈندۈز ياد ئېتىپ،
تاپتى ئەمما قەدرى بىلمەس، بىر ھاماقەت سۆھبىتىڭ.

رەشكىنىڭ ئاچچىقانىقىدىن، سۆيگۈنى تاشلاي دېسەم،
ۋەسلىنىڭ ئۈمىدى ئېيتار، قولغا كەلمەك سائىتىڭ...

ئىككى ياخشى بىر بولۇپ، ئالەمدە شاد ئۆتكەن ئەمەس،
گاھ يېقىنلاپ، گاھ يىراقلاپ... قانچە خىلدۇر ھالىتىڭ.

بىر بىلەپ، بىر گال قىلىپ ۋە بىر كۈلۈپ، بىر ھال قىلىپ ...
جان ئالار خۇش خۇيلۇقىڭ، جان بەرسە نازلىق ئادىتىڭ.

ناز ئەگەر ئۇ، ھەددىدىن ئاشسا، نىگار چۈشكەي گۇمان...
پايدىسىز مىقدارىدىن كۆپ ئىچسە رۇمان شەربەتىڭ.

ئۆزگە كۈلمەك قانچە يوللۇق، ياتقا كۈلگەندىن كۆرە،
ئېزىكى بولسا ئەڭ قەدىردان، ئۆز كىشىڭ، ئۆز مىللىتىڭ...

1975 - يىل، قەشقەر.

## مۇھەببەت ۋە جالىق

مېنى مەپتۇن قىلدى بەكمۇ سۈرىتىڭ، بەرنالىقىڭ:
جان ئېلىپ قاتىل كۆزۈڭ ۋە جان بېرىپ رەئنالىقىڭ.

بەر دېدىڭ، كۆڭلۈمنى بەردىم، سەن نادانغا مەن نادان...
بىلمىدىم ئالدامچىلىق تەشكىللىگە ئەزالىقىڭ.

ئۇچرىشاي دەپ ۋەدە بەردىڭ، بەك كېچىكتىڭ ساقلىتىپ،
بۇ، سېنىڭ بىخودلۇقۇڭمۇ، ياكى بۇ — تەرسالىقىڭ؟

شېشىدەك نازۇك دىلىمنى، سۇندۇرۇپ قىلدىڭ قاداق ...
ئەۋرىشىمدەك بۇ كۆڭۈلنى چىگدى بى مەئنالىقىڭ.

ۋەدە قىلما، ۋەدە قىلساڭ، ۋەدىگە قىلغىن ۋاپا،
بولسا بىر ئاز ئادىمىيەت پەزلىدىن ئاگاھلىقىڭ ...

ئۆتتى ئاشىقلار جاھاندا، مەقسىتى — راستلىق سىناش...
بىۋاپالىق بىرلە «مەجنۇن» تاپمىغاي «لەيلا» لىقىڭ.

مەرد يىگىتنى خۇمسىلاردىن قىلمىدىڭ پەرقۇ - پاسات،

بۇ ئىشىڭدىن بولدى بىر پۇل، جەننەتۇل مەئۋالىقىڭ...

بولسا يار بولسۇن ۋاپادار، بولمىسا مىڭ ياخشىدۇر،
بىۋاپا ياردىن كۆرە، «ئېركى» سېنىڭ تەنھالىقىڭ.

1976 - يىل، قەشقەر.



# تەبرىكنامە

(مۇخەممەس)

ئاتالدىڭ ئاممىنىڭ ئاغزىدا «ئوتتۇز ئىككى مىڭ يەكەن»،
سەۋەب شۇكى: جاھان ئىچرە جاھاندەك يەرلىرىڭ يەكەن!
مۇناسىپ جاي تۇتۇپ تارىختا چاقنىدى ئىبتىڭ يەكەن،
قېنىم بىرلە قېنىڭ ئوخشاش، جېنىم بىرلە جېنىڭ يەكەن،
ۋەتەن بىر دۇر، قېرىنداش بىز، سېنىڭ قەشقەر، مېنىڭ يەكەن.

تولۇن ئايدەك ئېچىپ نۇرانە بەتنى سەن ئىجاد ئۆزرە،
تەبەسسۇم ئەيلىدىڭ نەزمى ۋە نەسرى مۆجىزات ئۆزرە،
چاچارسەن مەئرىپەتدىن دۇر ـ جاۋاھىر بۇ ھايات ئۆزرە،
تېشىپ خۇشنۇدلىقىم دەرياسى، بۇنداق ئىلتىپات ئۆزرە
ساڭا تەبرىكنى يازدىم قەشقەردىن ـــ بىر تۇغقىنىڭ يەكەن.

يېزىپ يۇنۇس، زەلىلىدەك ئەدىبلەر سەندە ئۆتكەندۇر،
كېزىپ دۇنيانى پىرقەت ھەم كېلىپ سەندە كۆمۈلگەندۇر،
ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۆلمەس، ئەگەرچە تەندە ئۆلگەندۇر،
ئۇلاردىن كەم ئەمەس شائىر بۈگۈن سەندە كۆرۈلگەندۇر،
ئىلىم ئەھلىنى دوست تۇتساڭ، ئاشۇرغاي ئىززىتىڭ يەكەن،

سەمىمىي سادىدا ئەلدۇر ئەھلى يەكەن ئىشىغا پىششىق ...
ھەمەستۇر بەزىلەردەك ئالتە يۈزلۈك ھەمدە تۆت تىللىق،
ئاغىنەم بار ئىدى تاشلاشمىدۇق بۇ يۇرتتا كۆپ يىللىق ...
ئۆلۈم ئالدىدا ئۇ، سارغايمىغان ...شۇنداق جەسۇر دىللىق،
ئۆزىنى ئېكراندا كۆرسەتتى شۇ ئەخلاقىڭ سېنىڭ يەكەن.

ئىدىم مۇخبىر ئەزىز يۇرتۇم، سېنىڭدىن مەن خەۋەر يازغان،
مۇكاپات بەردى خەلق ماڭا، دېدى شېرىن، شېكەر يازغان،
ئىدىڭ سەن بارچە خىزمەتتە راسا ئىشلەپ، زەپەر يازغان ...
زەپەرگە بولسا كىم ئۈلپەت، بولۇر شۇندىن ئەسەر يازغان،
ئېشىمنى شۇندا ئوخشاتقان ئىدى چوڭ خىزمىتىڭ يەكەن!

بۈگۈن باقسام ھاۋايىڭ ساز، ئاجايىپ چوڭ ئېتىز سەندە،
تېرەكلەر ئېغىناپ تۇرغان، بۇلۇتقا بوي سوزۇپ سەندە ...
قوزاڭ سەكرەيدۇ ئويناقلاپ، قويۇڭ ئوتلار سېمىز سەندە،
تۇماقنى قىستۇرۇپ ئوغلۇڭ، ئەجەب ئىشلەيدۇ قىز سەندە،
كېلىشكەن مەنزىرەڭ شۇنداق... ئىپاردۇر تۇپرىقىڭ يەكەن!

ئېلىپ قولغا قەلەمنى چىقتى ئۆركەشلەپ زەرەپشانىڭ
ھېكايە، قىسسە بوستانىڭ گۈزەل خۇشخۇي گۈلىستانىڭ،
ئىكەن ئۇ باغۇ - بوستانلىق مۇنەۋۋەر كاتتا مەيدانىڭ،
ئۇتار كىم مەرىپەت دۇنياسىدا ئەلۋەتتە جەۋلانىڭ،
تىلەكداش ئۇشبۇ ئىستەككە، ئاكاڭ بىرلە، ئىنىڭ يەكەن!

ئاۋاز تەشنا جاۋاھىرغا، سۆزۈك دىلدىن سۆزۈك يازسۇن،
سەمەت ۋە نىمىتالادەك چۈچۈك تىلدىن چۈچۈك يازسۇن،

قىلىپ تۇتماقتا بىر دەستۇر — گۈزەل ياقۇت ئۈزۈك يازسۇن،
ئەگەر يازماقچى بولغاندا، دېگىن «ئېركى» تۈزۈك يازسۇن،
چاۋاك چالغاندا بەك چالسۇن، ئاشۇرسۇن غەيرىتىنى يەكەن!

1981 - يىل، قەشقەر.

## هاراقنىڭ 25 خىل تاماشىسى

(ھەجۋىي)

ئازراق ئىچكىن، لازىم كەلسە ھاراق دېگەن،
چەكتىن ئاشسا، چىقار مىڭ بىر چاتاق دېگەن؛
ئۇ، ئۇخشايدۇ ساز بولغاندا تاماق دېگەن،
«ئۇخشىتىدۇ» ئاچ قالغاندا قورساق دېگەن.

※ ※ ※

نەمۇنىچى ئىشچى ئىدى سەمەت پوچى
مەي ئىچىشتە دەيتتى مەنلا نادىر نوچى.
پۇل ئوغرىلاپ يېدى، ئىچتى، مەيگە تويدى...
بولدى ئاخىر جىنايەتچى، قالاق دېگەن.

※ ※ ※

«يولۋاس» بولسا «توۆت سەرگە» پۇل سوراپ تۇردى،
ئاشپۇزۇلدا مەي ھىدىنى پۇراپ تۇردى.
مەست بولۇپ ئۇ قىز بېشىغا كۆچەپ ئۇردى،
ئۇنى سالدى مۇدھىش كويغا قاۋاق دېگەن.

※ ※ ※

«ھېكىم» ئىچتى، ھاراق ئۇنى پۇتتىن ئالدى،
يۆلەپ يۈرۈپ ئاغىنىسى ئاخىر تالدى ...
تاشلاپ كېتىپ بىر ئورەكتە مۈزلاپ قالدى،
ھاراقخورغا مانا ئاچچىق ساۋاق بولدى.

※ ※ ※

«تۇرغۇن» ئاخشام تۆت جام ئارتۇق ئىچىۋاپتۇ،
ئاچ قورساقتا شاراب ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ...
ئېغناپ ئۇ يول ئۈستىدە يېتىۋاپتۇ،
تاشلاپ كېتىپ ئۈلپەتدىشى تۇراق دېگەن.

※ ※ ※

ئۇ قوسۇپتۇ شۇ ئەھۋالدا يانتۇ يېتىپ،
يالاپ قاپتۇ لالما ئۇنى ... تېتىپ كېتىپ...
سۆيگىن دەپتۇ ئىتنى بىر «قىز» قىياس ئېتىپ،
بولۇپ قاپتۇ ئىتقا گويا يالاق دېگەن.

※ ※ ※

روزى ئىچىپ بولۇۋاپتۇ، مەست، كۆرەڭلەپ،
قاراڭغۇدا سىڭلىسىغا تاشلاپتۇ گەپ...
ئۇنى ئۇقۇپ ئاۋام دەپتۇ «ھەي بىئەدەپ!»
بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ - ھە، شاللاق دېگەن.

※ ※ ※

قىلدى «رېشىت» مۇسابىقە، مەي ئىچىشتە،
تۆت ئاغىنە بىر پاقلاننى يەپ كېتىشكە.
ئاكتىپ بولدى ئەزرائىلغا جان بېرىشتە،
مۇنداق بولسا هاراقجانغا ئامراق دېگەن.

※ ※ ※

مەي ئىچىپ، هالدىن كېتىپ هوشسىز بولدى،
زاكۇسكىسى قۇرۇق بەسەي، گۆشسىز بولدى ...
ياش خۇتۇنى مەريەم ئاكا خوشسىز بولدى،
مەست ئاغىزدىن چىقىپ تۇرغاچ پۇراق دېگەن.

※ ※ ※

تۇتۇۋەرسە ئېلىشۋەردى رومكىنى ئۇ،
مەست هالدا ئىتقا ئاستى سومكىنى ئۇ،
سەنتۈرۈلۈپ كەلدى ئۆيگە مىڭ تەستە ئۇ،
پۇل يوقالغان ... كۆيدى باشتا ئوچاق دېگەن.

※ ※ ※

«ئولتۇردى خۇش» ئۈلپەت ئارا ئۇ شەنبە كۈن،
«چىشلىۋاپتۇ» دېدى ئىچتى يەكشەنبە كۈن؛
نانغا پۇل يوق، قاراپ باقسا دۈشەنبە كۈن ...
بوغۇلدي كۆپ قەرزگە «سايىم» ناينىاق دېگەن.

※ ※ ※

يەكشەنبەدە سادىقتا مەي ھەسەل بولدى،
دۈشەنبەدە بېشى ئاغرىپ كېسەل بولدى ...
يالغان ئاغرىق دائىم ئاڭا «ئەمەل» بولدى،
پىشمپ كەتتى تەنقىد ئاڭلاپ قۇلاق دېگەن.

※ ※ ※

«ساقى» بولدى ھاراقكەشنىڭ قەلەندەرى،
تولا ئىچىپ ئاتالدى ئۇ ياشلا «قېرى» ...
ئۆتكەن يىلى ئىدى كادىر تۆتىنىڭ بىرى،
نام ئالدى ئۇ بۇ يىل «رەزگى ساياق» دېگەن

※ ※ ※

چىقىپ قاپتۇ شاپاق دوپپا شەپكىسىدىن،
كۆكسى ئوچۇق، پو ئېتىلار گەپلىرىدىن،
بۇرنىدىكى مىش - مىش قىزىق ھەممىسىدىن ...
كۆزلىرىدىكە «رىنىنەت» بوپتۇ چاپاق دېگەن.

※ ※ ※

قالدى كۆرۈك پيەنچۇكلۇك بالاسىغا،
كىمنى كۆرسە «يۇز گرام» نىڭ تەمەسىدە.
يېتىپ قالدى كۇندە ئاۋام خالاسىدا،
شۇ ئەھۋالغا چۇشتى «قاسىم چاتاق» دېگەن.

تۇسۇۋاپتۇ كېتىپ بارساقىز، ئايالىنى.
بەرى چاغدا قىزىپ كېتىپ قېرى سالىنى ...
ھاڭراپ يۈرەر ئۈرۈپ يولدا كېسەل چالىنى،
بولار كۆندە تۆرمە ئاڭا ياتاق دېگەن.

مەيخورلۇقنى بىر ياش يىگىت راست ئۆگىنىپ
تەنۈر دەسسەپ ئۈسسۈل ئويناپ دەلدۈگۈنۈپ
«گېپىڭ بارمۇ، ئاڭلايمەن ...» دەپ ئۇ چۆرگۈلۈپ
ھەر قەدەمدە ئېتىپ يۈردى موللاق دېگەن.

گەدىنىدە كەپكىسىنىڭ چېكىملىكى،
كۆرىن ياپقان پاق - پاق چېچى — سېكىملىكى ...
ئۆتەر مەخسۇس ئۈنىڭ ھەر كۈن كېچىملىكى،
ياشار شۇنداق ئاتاق ئېلىپ پايپاق دېگەن.

بىلەلمەيسەن لۈكچەكمۇ ئۇ، يا — ئەپەندى،
مېكىشدىن ساراڭمۇ ئۇ ياكى دەلتى؟
يول توسۇپ ئۇ نوچىلىقتىن ئاچار گەپنى،
ئۇنىڭغا باق قولدا يەڭدىك پىچاق دېگەن.

نوچىلىقتىن گەپ ئاچقاندا ئۇ بىر «رۇستەم»،
پۇل خەجلەشتىن يارالىڭ قىلسا، گويا ھاتەم ...
ئىچىپسەن بۇگۈن توي ئۈنىڭغا، ئەتە ماتەم،
بۇ دۇنيادا يوق ئۇنىڭدەك پاخپاق دېگەن.

جانابى «يۇپ» تېخى مەينى تاشلىماپتۇ،
تانسا ئوينىپ قىزلار بىلەن ياشىۋاپتۇ.
كۆندە ئىچىپ مەي ئادەم بولۇپ ياشىماپتۇ،
ئۇيا تىماستىن ساقال تۇرسا ئاپپاق دېگەن.

بىزنىڭ «باشلىق» قېرىپ قالغان يېشى ئاتمىش،
پەررەڭنى بەش قاچان كۆرسەڭ، يېيىش - ئىچىش...
ئىناۋەتنى يېرىم جىڭغا ھەر كۈن سېتىش،
يۆلەپ يۇرۇش ئۇنى دوستى ئاباق دېگەن.

دەيدۇ بىر مەست: «ئالەمنى» مەن قىلدىم بىنا،
پەلسەپىدە شاگىرت ماڭا ئىبنى سىنا ...
سۆزلەش ئۈچۈن تۆت سەر ھاراق دەسمى ئاڭا،
ھەر گېپىدە مەۋجۇت نەچچە پۇتاق دېگەن.

※ ※ ※

شائىر بولۇر بەزى مەستلەر قاۋاقتىلا،
پۇلى بارنى، ئالداپ ئىچىش ئېپى چىقسا.
قولغا ئەگەر كالتە قوشۇق سىپى چىقسا،
ھەر قازاندا قاينايدۇ ئۇ شاق ـ شاق دېگەن.

※ ※ ※

ياغاچ ئاتنى مىنىپ مەستلەر ئەرشكە چاپار،
ئىككى يەڭنىڭ بىرنى ساپماي ـ بىرنى ساپار ...
پۇللا بەرسەڭ دەللال بولۇپ جانان تاپار،
«نوچى» لىقتىن قىستۇرۇقلۇق توماق دېگەن.

※ ※ ※

كىم بىلمەيدۇ «تۇرسۇن بەگ» نى مەي قۇربانى،
ئۇ، ياش ئىدى، ساتتى مەيگە بۇ دۇنيانى؛
يۈرەكلىرى چاك ـ چاك بولۇپ چىقتى جانى ...
بىرەر جاننى مەيگە شۇنداق ئەخمەق دېگەن.

※ ※ ※

نامىن دېمەي يازسا يەنە بىرمۇنچىسى
ساراڭ بولۇپ تۆگەپ كەتتى ھەم شۇنچىسى ...
قالمىدى ھەم مىراس ياكى گۈل غۇنچىسى،
بۇندىن ئارتۇق بولماس ئەلدە قالاق دېگەن.

1979 ـ يىل، قەشقەر.

## ئىتتىپاقلىق بىباھا گۆھەر

### دەرەخ دېسەك ۋەتەننى

دەرەخ دېسەك ۋەتەننى، شاخلىرىدۇر مىللەتلەر،
دەرەخ دېگەن جاھاننى شېخى بىلەن زىننەتلەر ...
شېخى سۇنغان دەرەختەك بوپ قالامدۇ ۋەتەنمۇ،
كەتسە ئەگەر ئەۋج ئېلىپ ئىناقسىزلىق ئىللەتلەر.

ئۇشتۇلسا گەر شاخلىرى، دەرەخ بولار زەخمناك،
بىرلەشمىسە مىللەتلەر، بولار ۋەتەن ھەم ھالاك.
مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى — ھەر نەرسىگە قادىر كۈچ،
ھەربىر دۈشمەن يۈرىكى بۇ كۈچ بىلەن بولۇر چاك.

ياخشى بولماس دەرەخكە، شاخ ئۇشتۇلسا تەسىرى،
قۇرۇش بىلەن ۋەيرانلىق كېسىلگەن شاخ تەقدىرى؛
ھەربىر ئەلگە دۇنيادا ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق —
گۈللىنىشنىڭ، ئۆسۈشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك تەدبىرى.

چوڭ يىلتىزدىن سۇ ئىچسە، شاخ ياشنىماي سولامدۇ؟!
تىنچ بولمىسا ئەل دېگەن، ئىشقا پۇرسەت بولامدۇ؟!

تىرىكلىكتە ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە ھاجەتمەن،
ھەمكارلاشماي ئۆزئارا مىللەت كىمى تولامدۇ؟!

غوۋغا قىلسا مىللەتلەر دىيار قولدىن كېتىدۇ،
ماراپ تۇرغان رەقىبلەر مەقسىتىگە يېتىدۇ.
بۆلگۈنچىلىك بىلگىنكى پارتلاتقۇچ بومبىدۇر،
جاھانگىرلار بۇ ئىشنى ئۆزىگە «كەسىپ» ئېتىدۇ.

## باغ دېسەك ۋەتەننى

گەر باغ دېسەك ۋەتەننى سەر خىل مېۋە مىللەتلەر،
ھەربىرىدە ئۆزگە تەم، غەيرىي ـ غەيرىي لەززەتلەر...
شۇنچە ئېتىز، تاغ ـ دېڭىز، قارا ئالتۇن، ئاق ئالتۇن،
ھەر مىللەتنىڭ مېھنىتى بۇ باغدىكى نېمەتلەر.

خەنزۇ ئىشچى بېيجىڭدا ماشىنىلار ياسايدۇ،
ئۇيغۇر دېھقان قەشقەردە ئاشلىق تېرىپ ھارمايدۇ...
قىرغىز چوپان مال بېقىپ تەييار قىلسا گۆش ۋە سۈت،
تاجىك ئەسكەر بۇ باغنى كۆزەت قىلىپ ساقلايدۇ.

ئىسىل گىلەم توقۇيدۇ خوتەندىكى گۈلباھار،
شىۋە قىزى رەڭگارەڭ دۇخاۋىغا گۈل باسار...
قازاق دوختۇر ئامانىنىڭ تىگىشىغۇچى بويىندا،
يىراقتا باققان موڭغۇل قىز يىڭنىلەرچە ئات چاپار.

ھەر كۆرۈنگەن ئىمارەت، ھەربىر يېڭەن نېمەتتە،
ھەر ئۆگەنگەن ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، سەنئەتتە...
ھەربىر مىللەت ئەجرى بار، تۆھپىسى بار ئۇنتۇلماس،
ھەر فابرىكا، زاۋۇتتا، سانائەتتە ھېكمەتتە.

ئانا دىسەك ۋەتەننى، ئەۋلادى بىز مىللەتلەر،
ھەر پەررەنتكە ئانىدىن ئاقار مىھىر - شەپقەتلەر...
گەپ تالاشسا باللار ئانا قىلار نەسىھەت.
بىرسىنى دەپ بىرسىگە قىلماس زىيان - زەخمەتلەر.

ئانا قەلبى مىھىرلىك، ھەربىر بالا جان ئاڭا،
چۈنكى بەرگەن ئانىجان ئاق سۈتىدىن قان ئاڭا.
ھەربىر مىللەت بىر پەرزەنت. مۇشۇ ئانا تۇپراقتا،
مۇشۇ تۇپراق چوڭ قىلدى، بېرىپ كەلدى نان ئاڭا.

بىر دەريادىن سۇ ئىچتۇق، بىر تۇپراقتا ئۆستۇق بىز،
بىر داستىخاندىن تۇز يېدۇق. بىر چوڭ ئۆيدە ئۆتتۇق بىز.
يامان نىيەت نە قىلسۇن بىزدە دوستۇم ئۆزئارا،
چوڭ مەقسەتنىڭ ئالدىدا ئۇششاق گەپتىن كەچتۇق بىز.

بىر ۋەتەندە ئۆسكەننىڭ ئىسمى بولار ۋەتەنداش،
بىر ئانىدىن تۇغۇلسا ئىسمى بولار قېرىنداش.
ۋەتەننى سىز ئانا دەپ، ئەگەر دىلدىن ئېيتسىڭىز،
ۋەتەندىكى مىللەتلەر بىر تۇغقاندۇر زامانداش.

بۇ تۇپراقنىڭ تەقدىرى — بىز ھەر مىللەت تەقدىرى،
چىقىش قىلۇر شۇ گەپنى ئىتتىپاقلىق تەدبىرى.
تەر تۆككەندە ئۆملىشىپ ئانا تۇپراق گۈللىنەر،
قولغا كەلگەي دوستلۇقتىن غەلبىمىزنىڭ جەۋھىرى.

# تاناپ دىسەك ۋەتەننى

تاناپ دىسەك ۋەتەننى، ئۇنىڭ يىپى مىللەتلەر،
بىر تال يىپتا قانچىلىك بولار چىدام - قۇۋۋەتلەر؟
قانچە ئون تال يىپنى سەن بىرلەشتۈرسەڭ ئاشۇ چاغ،
ئېغىر نەرسە كۆتۈرەر بۇنىڭدىكى قۇدرەتلەر.

ۋەتەندىكى مىللەتلەر تۈزسە كۈچلۈك ئىتتىپاق،
بۇ ياراقتا تەڭ كەلمەس دۇنيادىكى ھېچ ياراق...
ئىتتىپاقلىق — ھەمدەملىك ھېچ يېڭىلمەس ئۇلۇغ كۈچ،
ئىتتىپاقسىز يېڭىلۇر، تارىخلاردىن شۇ ساۋاق.

ئىتتىپاقنى گۆھەردەك ئاقىل كۆزگە سۈرتىدۇ،
ھەرقانداق ئىش ئالەمدە شۇ كۈچ بىلەن پۈتىدۇ...
ئۇلى مەزمۇت بولسىلا، بىنا چىدار بەك ئۇزاق،
شۇ ئاساستا ئىشاەشنى دەۋران بىزدىن كۈتىدۇ.

زامانىۋى بولۇشتا ئىناقسىزلىق ئەپلەشمەس،
بىز ئىتتىپاق بولمىساق، ھەربىر ئىشنى باسار نەس...
مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى — ئىتتىپاقلىق جەۋھىرى،
شۇ سەۋەبتىن ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ ھەتتا خەس.

1982 - يىل، قەشقەر.

# ۋەتەننىڭ باھارى

(قەسىدە)

دوستلىرىم زېھنىڭنى قوي، بۇ گەپكە: دەۋرانىڭغا باق،
ياشناۋاتقان ۋەتىنىڭگە — گۈل - گۈلىستانىڭغا باق،
ئىككى قاتلاش چوڭ پىلانغا — يېڭى جەۋلانىڭغا باق،
كۈلۈۋاتقان باغۇ - تاغقا، يەر ۋە ئاسمانىڭغا باق،
رازىلىق، مەمنۇنىيەت ھەر كىمدە، ھەر يانىڭغا باق.

## تۆمۈر ئېقىم

زامانلاشماق ئەھدىمىزدىن لەرزىگە كەلدى جاھان،
زامانلاشماق كەلمىگەي تەڭ بىزگە ھەرقانداق يامان،
ئىلمۇ - ئىرپان چوققىسىغا بىز يۈرۈش قىلدۇق ھامان،
تەۋرىنىپ «دۇنيادا ئادەم دېگىنى» ئۇشبۇ زامان،
زور ئېقىم، تۆمۈر ئېقىمغا — كاتتا كارۋانىڭغا باق.

ئەسرىمىز يەن ئەسرىدۇر، قىلغان بۈگۈن پەننىڭ سۆزىن،
بۇ جاھان پەن بەيگىسى... ئەل كۆرستەر پەندە ئۆزىن،
بولمىسا پەن، ئىگىلىكمۇ كۆرمىگەي بەخت يۈزىن،

يەن ئاچار ئەلنىڭ كۆزىن، ھەر خىل تەرەققىيات كۆزىن،
يەن بىلەن گۈللەشكە يۈرگەن باغۇ ـ بوستانىڭغا باق.

ئەجنەبىيلەر بەرمىگەن جۇڭگوغا بىر چاغ ئۆز نېنى،
شۇ ۋەتەن بولدى بۈگۈن دۇنيادا يادرو ۋەتىنى،
ئۇ قويۇپ بەردى ئالەمگە سۈنئىي ھەمرا ـ قوشۇنى،
ئەيلىدۇق شۇنداق نامايان يەنگە يۈرمەك ئىشىنى،
ئۆتمۈشۈڭگە سەن قاراپ ھازىرقى دەرمانىڭغا باق.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا يولنى تاپتۇق دەل بۈگۈن،
قارىمايمىز ئىقتىسادنىڭ قۇدرىتىگە سەل بۈگۈن.
«ئەمەلىيەتسىز شوئارلار» دەپ قارالدى يەل، بۈگۈن،
چوتنى سوقتۇق ھەممە ئىشتا دەپ ئۈنۈمنى، كەل بۈگۈن،
يەڭ تۈرۈپ جەڭگاھقا چۈشكەن مەردۇ ـ مەيدانىڭغا باق.

## داستىخانغا باق

مەرىپەت ۋە ھۆرىيەتنىڭ تامغىدەك ھۆل ئىزلىرى،
دۆۋە ـ دۆۋە بەردى ئالتۇن مول ھوسۇل ئېتىزلىرى،
كىردى غەيرەتكە يېزام، يوقتۇر ھۆرمەت ئەڭگىزلىرى،
شايى، ئەتلەسكە ئورالدى مېھرى گۈلدەك قىزلىرى،
جانانىنىپ قەددىنى كۆتۈرگەن ھارماس دېھقانىڭغا باق!

ئاققۇزۇپ تەر، يېڭى چىققان نەچچە مىڭ بايدىن گەپۈر①
مىنىۋالغان موتسىكلىت، ئارغىماق ـ تايدىن گەپۈر،
چوڭ شەھەردۇر، ھەر تاماندا چاقنىغان جايدىن گەپۈر،
ئېقىۋاتقان نازۇ ـ نېمەت، چايىنىغان مايدىن گەپۈر،
سېتىۋالغان قەنت ـ شېكەرگە، ئاق توقاچ نانىڭغا باق.

① گەپۈر — سۆزلە.

مۇڭلىنىپ ياتقان ئىدى دېھقان ئۆيىدە كونا كات،
كەلدى ئامەت كاتتا ھەم، ئۇ تولدىلەر بۇغدايغا پات،
ھەر كۈنى ئېغىل ياسايمىز، چارۋا پاتماي قاتمۇقات،
سۈت، قېتىق ھەر ئۆيدە بار، «تۆمۈر ئۇلاق» مىنمەككە ئات،
دەۋرىمىز چېھرىنى سەن كۆرمەككە داستىخانىڭغا باق.

قەسرى - ئايۋان ياسىدى، دېھقان ئۆيى تاللىق باراڭ،
تېلېۋىزور جاي ئالدى تۆردىن، ئاخشىمى كىنو قاراڭ،
ئوڭلىنىپ ھازىر جاھان، ئوڭلاندى كۆپ «جاھان ساراڭ»
چايخانا ۋە ئولتۇرۇشتا دەۋرىدىن ئوبدان پاراڭ،
زارلىنىشتىن يىغدى تىل ھەتتاكى شەيتانىڭغا باق.

كەڭ سىياسەت توغرا ئىشقا يەتمىدى ھەرگىز ئازار،
شۇنچە ئاۋات رەستە، دۇكان ... ئۇ ئەمەس ھازىر مازار،
ھەر كىشى بىر كەسىپ بىلەن تۇرمۇش ئۈچۈن گۆھەرقازار،
چىقتىلەر تارىخىمىزدا كۆرمىگەن «شياڭگاڭ بازار»،
پۇتمىسەڭ قۇمدىن تولا مال بىرلە دۇكانىڭغا باق.

## مەرىپەت لاچىنى

يوق ئىدى بىر چاغدا ھەر مەكتەپتە دەرسىنىڭ قۇۋۋىتى،
بولمىغان قەدرى مۇئەللىم، ئوقۇغانىنىڭ قىممىتى،
شۇ سەۋەب سۇس بولدى خەلقىنىڭ ئوقۇماققا رىغبىتى،
بۇ زامان تىكلەندى مەكتەپ، ئىلمۇ - پەننىڭ ھۆرمىتى،
ئۆرلىگەن يۈكسەككە ھەرئان ئىلمۇ - ئىرپانىڭغا باق.

كېتىشۋاتقان تاڭ سەھەر مەكتەپكە ھەر مىللەت گۈلى،
گۈللىنى قوي، بۇ گۈللىنى كۈيلە ئەي تەبىئەت بۇلبۇلى،

بۇ زاماندا نۇرلىنىپ ئېچىلدى بىر گۈللەش يولى،
خەيرلىك ئىش بىرلە مەشغۇل بولدى ھەر ئادەم قولى،
بارمىكىن بۇندىن گۈزەل كۆڭلۈڭدە ئارمانىڭغا باق.

قولدا كەتمەن دېھقىنىمىنىڭ، مەيدىسىدە قەلىمى،
ئايالى دوختۇر يالىڭايانق، قىزىدۇر مۇئەللىمى،
كۈندۈزى ئىشلەر كۆڭۈللۈك، ئاخشىمى ئوقۇر جىمى،
«سوتسىيالىزىم ساۋاتسىز ئەلدە بولماس» تەلىمى،
مۇشۇ لېنىن تەلىمى نۇر بەردى گۈلخانىڭغا باق!

## ئالتۇن سەھىپە

«ئىككى قاتلاش» بولسا بىزدە، ھەممىدە قاتلاش بولۇر،
ئىلمۇ ـ ھېكمەت كۆككە ئۆرلەر، بەكمۇ تېز قاتناش بولۇر،
ھەم سانائەت، ھەم تىجارەت ئۆزئارا قولداش بولۇر،
شۇ ۋاقىت جىلغ «سەكرىمەك» تاغدىنمۇ ھەم ئاتلاش بولۇر،
سەكرىمەكنى ئەھدە قىلغان قىز ۋە ئوغلانىڭغا باق.

«ئىككى قاتلاش» ئۇ ئەمەس ھەرگىز خىيال ــ ئەلۋەتتە ئىش،
«ئىش» دېگەننىڭ ئۆزى ھەرىكەت، ئۇ ئەمەستۇر «ئۇجمە پىش»،
ئىگىلىكنى ياخشى ئۇشلاپ، كۈندە ئالغا ئىنتىلىش،
گەر نىشان يېقىن ئەمەس، بوش كەلمىسەك مۇمكىن بېرىش،
ساڭا لازىم بولدى غەيرەت، ياخشى ئىمكانىڭغا باق.

«ئىككى قاتلاش» بىزگە كەلگەي، ئىشلىگەندە يەك تۇرۇپ،
ئۇ ئەمەس ئىمكانىيەتسىز ئىش قىلىپ «ئايەت» ھۇرۇپ،
«مو بېشىغا ئون تۇمەن جىڭ ئاش ئېلىش» دەپ كۈلدۈرۈپ،
ئۇ «قىلىق» نى ھەيدىدۇق، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ،

ئىشقا ماس ھازىرقى ئۆلچەم، ئەقلى مىزانىڭغا باق.

بەختنى بەرگەي خونچىلاپ كىم؟ كەلتۈرەر بەختىڭنى ئىش،
دېدى دەۋران: يار - يۆلەكمەن، كەلتۈرۈشتە سەن تىرىش،
يەڭ تۈرۈپ مەيدانغا چۈشكىن مۈشكىلات بىلەن ئېلىش،
يۈز قەۋەت بىنا پۈتەر، بىر داندىن قويغاندا خىش،
قوي مۇھەببەت «ئىش» دېگەن ئەڭ ياخشى جانانىڭغا باق.

نى قىلارسەن كۆچ دېگەننى ئەل كۆچىگە قاتمىساڭ؟!
نى كېرەك تارتماق رىيازەت، ياخشى يولدا تارتمىساڭ؟!
كىم دېگەي سېنى يىگىت، مەيدانغا ئۆزۈڭ ئاتمىساڭ؟!
سەن قاچان قوشاق قاتارسەن، مۇشۇ پەيتتە قاتمىساڭ؟!
ئەرزىگەي ئالتۇن سەھىپە ئېركى دەۋرانىڭغا باق!

1982 - يىل. قەشقەر.



# ۋەتەن مۇھەببىتى

(چاتما)

— مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىدىن كەنئاننىڭ گادايلىقى ياخشى
(خەلق تەمسىلى)

## تۇزۇك

ئىت ئۈچۈن ھەر جايدا بولسا، بىر سۆڭەك، بىر نان تۇزۇك،
تەڭ دېمەس ئۆز يۇرتىغا جەننەتنى ھەم ئىنسان تۇزۇك.

«قايدا بولسام كۈن ئۆتەر» دەپ، ئويلىماق ھايۋان ئىشى.
بىر قورساق دەپ ياشىغاندىن بولغىنىڭ ھايۋان تۇزۇك.

پادىشاھلىق ئوردىدا، ئالتۇن قەپەستە باقسا ھەم،
بۇلبۇلى شەيداغا ئاندىن، سايدا بىر بوستان تۇزۇك.

بەختۇ ـ ئامەت ئۆز ئېلىكىدە كەلسە، ئۇ بولغاي لەزىز،
يات ئېچىدە كۆلگىنىدىن ئۆزئارا ئەيغان تۇزۇك.

ئۆتتى ئۆمرۈم بىر زامان ھەر خىل مۇساپىرلىق ئارا،
باتىمدى نى ـ نى مەئىشەت، نى گۈزەل جانان تۇزۇك.

ئۆيگە كەلدىم مەن قاچان، سۆيدۈم ئۆيۈمنىڭ تېمىنى،
مەن دېدىم: ئەي ۋەتىنىم، سەن ھەممىدىن ئوبدان ـ تۈزۈك...

«ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقىدۇر، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى»،
يىغلىغاي ئۆلگەندە سەن، مۇشتلاشسىمۇ تۇغقان تۈزۈك.

ياقا يۇرتتا سەيلى قىلغاندىن چۇشۇپ پىكاپقا مەن،
ئۆز ۋەتەن ئىچرە ياتاي، ھەتتا ماڭا زىندان تۈزۈك.

مەرد كىچەر دوستۇم ۋەتەن دەپ، خانۇ ـ ماندىن ھەرقاچان،
ياخشى ئادەمگە ئەمەس ئۆز يۇرتىدىن بىر جان تۈزۈك.

ھەممىدىن ئىنسانغا شەكسىز مەرپەت شۇنداق ئۇلۇغ،
سۆيمىسە ئالىم ۋەتەننى، سۆيگۈچى نادان تۈزۈك.

ئېيتتى بۇنداق ئېركى بىر چاغ تەختكە چىققاندا يۇسۇپ:
«مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىدىن، غۇربىتى كەنئان تۈزۈك».

### ئەڭ يۈكسەك مۇھەببەت

قايسى بىر دىلدا ۋەتەن ئىشقى ئەگەر پەيدا ئەمەس،
بىر قۇرۇق گۆش دەپ قىياس قىل! ئۇ يۈرەك ئەسلا ئەمەس.

دەل ۋەتەننىڭ سۆيگۈسىدۇر ھەر يۈرەكنىڭ ئۆلچىمى،
ئايرىلار چۇشكەندە بۇ مىزانغا ئىنسان، يا ئەمەس.

چاغلىغىن سەن قانچىلىك باغرىڭدىكى ۋەتەن ئوتى،
كۆز، قۇلاق، بۇرۇن بىلەن ئادەم ئۆزۈك ھەتتا ئەمەس.

شۇنچە سۆزلەيسەن مۇھەببەت دەردىدىن ئاشىق ئاداش،
ھېچ مۇھەببەت ئۆز ۋەتەنىنىڭ ئىشقىدىن ئەلا ئەمەس.

نېمە ئۇ «شېرىن» ۋەتەن شېرىنلىكىنىڭ ئالدىدا،
قانچە «زوھرا» لەر ۋەتەن زوراسىدەك رەنا ئەمەس.

ئىلمۇ ھېكمەتتە ئەگەر ھەركىم ئىبنى سىنا بولسىمۇ،
گەر ۋەتەننى سۆيمىسە ئەخمەق دېگىن، دانا ئەمەس.

ئىزدىسەڭ ئەڭ ئاقىلانە ئىشنى سەن ۋەتەننى سۆي،
ھەر نىچۈك قۇربان بېرىش بۇ يولدا بىمەنە ئەمەس.

سەن ئەگەر سۆيسەڭ ۋەتەننى، سېنى سۆيگەي كائىنات،
دوست چىقار ھەتتاكى مەھبۇس چاغدا، سەن تەنھا ئەمەس.

كىم ۋەتەننى سۆيسە ئىشلەر ئۇ ۋەتەن راۋاجىغا،
ئىشلىگىن سۆيسەڭ ۋەتەنگە «ئېركى» سەن مەددا ئەمەس.

## توختىماسلىقنىڭ سىرى

چېگرا ساقلامدۇ سوغۇقتا، دىلدا ئاتەش بولمىسا،
قەلبىدە ۋەتەن ئوتىدىن كاتتا بىر مەش بولمىسا.

خۇددى بۇركۈتتەك قونۇپ تاغ ئۈستىگە باتۇر يىگىت،
يېمىگەي ئاچچىق سوغۇق، ئەل يۈرتىنى ئەسلەش بولمىسا.

مۇز قۇچاقلامدۇ يىگىت، قەلبىدىكى ۋەتەن ئوتى،
ياخشى قىزنىڭ ئوتىدىن بەك ئۇنى ئۆرتەش بولمىسا.

ياشلىقنىڭ چىققاي خۇمادىن، ياش كۆچۈڭنى ئەلگە بەر،
ياش ئاتالماس «ياش» بىلەن، ياشلىقتا ئۆرلەش بولمىسا.

بولما ئۇلپەت، قىلما سۆھبەت، دوست بولۇشقا ئەرزىمەس،
ئۆز ۋەتەنىنىڭ بەختىنى ھەركىمدە ئىزلەش بولمىسا.

قىلسا كىم ئۆز زىكرىنى، قىلماي ۋەتەنىنىڭ پىكرىنى،
دېمە ئادەم «ئەل» دېگەندە، ياخشى تەۋرەش بولمىسا.

شېئىر يازماق بىرلە «ئېركى» سەن ئەمەس شائىر تېخى،
جان دىلىڭدىن ۋەتىنىڭ ئۈستىدە سۆزلەش بولمىسا.

## كەپتىرىمدىن ئۆگىنىپ

مەن قىزىقتىم يۇرت سۆيۈشكە كەپتىرىمدىن ئۆگىنىپ،
قىسسە يازدىم سىزگە يانچۇق دەپتىرىمدىن ئۆگىنىپ.

ئىككى كەپتەر بار ئىدى، باقتىم ئۇنى سالدىم قوما...
بەزى كەپتەرۋاز بۇرادەر — دوستلىرىمدىن ئۆگىنىپ.

بىرسى نە، بىرسى مىدە، ئەمما كىچىك ئەردى يېشى،
قالدى ئۆگزەمگە كۆرۈك، بەرگەن دېنىمدىن ئۆگىنىپ.

ئۈچتى كۆككە، سەيلە قىلدى كۈندە نەچچە ئىككىسى،
چۈشتى قايتىپ بەلگە بەرسەم: چىك-چىكىمدىن ئۆگىنىپ.

كۆپ قېتىم تەكرارلىدى بۇ ئىشنى ھەر كۈن بىخەتەر،
بۇلۇشۇپ قالدى كۆكۈلاۋك دىلبىرىمدىن ئۆگىنىپ.

※ ※ ※

ئۈچتى بىر كۈن كەچقۇرۇندا، بىرسى قايتىپ كەلمىدى،
بولدى غايىب ئۆزى ئۆسكەن پەغىزىمدىن ئۆگىنىپ.

بولدى غەش كۆڭلۈم يېرىم. بىرنەچچە كۈن كەلمەي كۈتۈپ،
سورىدىم ئەھۋالىنى مەن ئەتراپىمدىن ئۆگىنىپ.

يادلىنىپ نە، مىدىسىنى، چۆرگىلەپ ئۇ ئۈنلىدى...
يىغلىدىم مەنمۇ ئاڭا، شۇ يولدىشىمدىن ئۆگىنىپ.

ئۆتتى ئايلار. ئۆتتى يىللار ياتقا ئۇ بولدى ئەسىر،
دەيتتى كەچمەيمەن بىراق، ئۆسكەن يېرىمدىن ئۆگىنىپ.

ئىزدىدى قاچماققا پۇرسەت، ئۇ بوغۇلغان ئەردى چىلڭ،
دەيتتى ئۇ: بىر كۈن قاچاي، كاداڭ پىرىمدىن ئۆگىنىپ.

كەلدى ئاخىر بىر كۈنى ئۆگزەمگە بەش يىلدىن كېيىن،
بولدى ئۇ شۇنداق ۋاپادار سىردىشىمدىن ئۆگىنىپ.

قوندى ئۇ پەغەزگە بىر چاغ، ھالسىراپ كەتمىش ھېرىپ،
بىل دېدى كەلگەن يېرىمنى چارچىشىمدىن ئۆگىنىپ.

دانلىغان، ئۆسكەن يېرىنى ئۇ كۆرۈك ئۇنتۇمىغان...
قىلدى تەسىر بۇ ماڭا، شۇ خاتىرىمدىن ئۆگىنىپ.

ئاھ ۋەتەن شۇنداق ئېزىز: چۆرگەلدى كەپتەر ئۆگزىنى،
قۇمنى قىلدى تاۋاپ، ئۇچتى بېشىمدىن ئۆگىنىپ.

بولدى شۇ كۈن كاتتا بايرام ئىككى كەپتەرگە ئەجەپ،
يورۇدى قەلبىم ۋەتەنپەرۋەرلىرىمدىن ئۆگىنىپ.

قىلدى ھايۋان جىنىدا دان ھەققىنى شۇنداق ئادا،
مەن ئىچۈك بىلمەي بۇ ئىشنى، جان - تېنىمدىن ئۆگىنىپ.

نان ۋە سۇ بەرگەن زېمىن ھەققىنى بىلمەس - كور بولۇر،
«ئېركى» بولدۇم بىر ۋەتەنچى كەپتىرىمدىن ئۆگىنىپ.

## ۋەتەننىڭ ئىززىتى - سېنىڭ ئىززىتىڭ

كىشىگە ئاخىر ۋەتەندەك ياخشى ئۆلپەت يوق ئىكەن،
كىم ۋەتەنسىز، ئەل ئىچىدە ئاڭا ھۆرمەت يوق ئىكەن.

ئىززىتى ئۆسسە ۋەتەننىڭ، ئىززىتىڭ ئۆسكەي سېنىڭ،
ئەل ۋە يۇرتىنىڭ ئىززىتىسىز، ساڭا ئىززەت يوق ئىكەن.

ياخشى يۈز، كۆركەم لىباس... بەرمەس ھەققىي بىر جۇلا،
دىل ئارا ۋەتەن سۆيۈشتەك زىبۇ - زىننەت يوق ئىكەن.

نېمە بولساڭ بول ئاداش، ئالما ۋەتەننىڭ قارغىشىن!
بارچە ئىللەت ئىچرە بۇنداق ئەسكى ئىللەت يوق ئىكەن.

كىشىلىك مەئناسى چوڭقۇر دەل ۋەتەن سۆيمەك بىلەن،
ھەكسىچە ئىنسانلىقىڭدا زەررە قىممەت يوق ئىكەن.

ئابروي ــ ۋەتەن ئۈچۈن پەيت كەلسە كۆرمەكلىك جاپا...
قارشى ئال ئىزدەپ ئۇنى، شۇ بىر غەنىيمەت يوق ئىكەن.

ئوقۇدۇم مەن پەلسەپە ھەم خىمىيە... ھەر خىلدا پەن!
نە كېرەك؟!... ۋەتەن سۆيۈشتەك ئىلمۇ ـ ھېكمەت يوق ئىكەن.

كۆزدە تۇت ھەر ئىشتا ياران سەن ۋەتەننىڭ نەپئىنى،
نۆلگە تەڭ بارلىق ئىشىڭ، شۇ بىر پەزىلەت يوق ئىكەن.

ئۆلسەڭ بىر كۈن بىراق، ئۆلمەي دېسەڭ بىر چارە بار:
ئىشلىگىن ۋەتەن يولىدا... غەيرىي نىيەت يوق ئىكەن.

ئۆلمىگەي ھەرگىز ۋەتەنچى، زاھىرەن ئۆلگەن بىلەن،
ئۆلتۈرۈشكە ھېچ كىشىدە ئۇنى قۇدرەت يوق ئىكەن.

نى ۋەتەنپەرۋەر جاھاندىن ئۆتتى ئەمما ئۆلمىدى...
شۇ ئېزىزلەرگە بۇ كۈندە كىمدە ھۆرمەت يوق ئىكەن؟!

كەل «مۇھەببەت» لەر تاماشىڭ! باشنى قويغىن سەن ئاڭا،
سۆيگۈدە ئەل سۆيگۈسىدەك زور مۇھەببەت يوق ئىكەن.

يارنى تۇتتۇم، سەيرە قىلدىم، چاينىدىم ئەنجۇر، ئانار،
قارىسام ۋەتەن سۆيۈشتەك كاتتا نىمەت يوق ئىكەن.

بىر كۆپۈك ئوخشاش ھاياتىڭ ئۆتكۈسى... جەريان ئاشۇ،
ۋەتىنىڭگە بىر تۇتاملىق سەندە خىزمەت يوق ئىكەن.

سەن ۋەتەن يولىدا ئىشلەپ قىل قازا، بولسا ئېسىپ...
مەرد يىگىت سەن ئۆز ئىشىڭغا سەندە مىننەت يوق ئىكەن.

«ئېركى» ئاختۇرسام دىلىمنى، بەلكى ئالەمگە پۈتۈن
پادىشاھلىققا ۋەتەنسىز، مەندە رىغبەت يوق ئىكەن.

1983 - يىل، قەشقەر

# يادنامە

## (تەرجىئى بەند)

ئۇلۇغ ئالىم، ئۇستاز شائىر ۋە جامائەت ئەربابى
يۇسۇپ خاس ھاجىپ خاتىرىسىگە

1

يادلىنار ھەر زامان ئىشىدىن كىشى،
تونۇتار تارىختا كىشىنى ئىشى.
ياخشى ئىش قىلغان ئەر ئەلدە ئۇنتۇلماس...
ھەم بولار ئۇنىڭدىن ئىگىز ئەل بېشى.
بېشىمىز دۇنيادا سەن بىلەن ئىگىز...
ئېلىمىز ئەجدادى، ئەي قەلەمدىشى!
تۆھپىسىز ئادەمدۇر — مېۋىسىز دەرەخ،
ئەل ئۈچۈن خىزمەتتۇر ئادەم يېمىشى.
يېمىش يەر يۇسۇپتەك ۋەتەن ياشلىرى!
يېمىشكى: توختىماس شېكەر ئېقىشى.
ئۆلدى كۆپ ئادەملەر، ئۆلمىدى يۇسۇپ،
ئۆتتى كۆپ ئەسىرلەر يازۇ ھەم قىشى.

ئىش قىلغاچ ئەل ئۈچۈن، ئالەم ئۈچۈن ئۇ،
ھۆرمەتلىك ئالەمنىڭ ئاڭا بېغىشى...
مەڭگۈلۈك دۇنيادا تەبىئىي قۇياش،
ئۆچمىگەي ئەلنىڭ بۇ ئېرپان قۇياشى.
ئۆلمىدى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇ تىرىك،
نۇر چېچىپ تۇرماقتا «قۇتاتقۇ بىلىك».

2

بۇ جاھان بىر جايكى، بىر كېلىپ ـ كېتەر،
ئاقىللار بۇ ئىشنى تەپەككۇر ئېتەر...
ھەسرەتكى، ياشىساق ئۆرلەپ كۆپۈكتەك،
ئارقىدىن يوقالساق غۇۋژىدا، ئەگەر.
بۇ ھالغا ھەر كىمكى رازى بولمىسا،
تەدبىرى ـــ قالدۇرۇش ئالەمدە ئەسەر.
خاس ھاجىپ قالدۇردى شۇ يوسۇن بىر ئىز،
بىر ئەسىر يازدى كىم بىباھا گۆھەر.
پاراسەت پۇقراغا، ئادالەت شاھقا...
تەشەببۇس ئەيلىدى، سۆزلىدى شېكەر.
تىكىپ قوي بىر دەرەخ، سايىدار كىشى،
ياساپ قوي بىر كۆۋرۈك كۆپچىلىك ئۆتەر.
بېغىپ قوي بىر پەرزەنت، نامىڭ ئۆچمەيدۇ...
يەپ ـ ئىچىپ، ئۆلۈش ئۇ، ھايۋانغا ھۈنەر.
ئەل ئۈچۈن پايدىلىق بىرەر ئىش يارات،
«ئەسەر» شۇ ئۆلمەسكە، ئاققۇز ئەلگە تەر.
ئۆلمىدى خاس ھاجىپ يۇسۇپ ئۇ تىرىك،
نۇر چېچىپ تۇرماقتا «قۇتاتقۇ بىلىك».

3

ۋەتىنىم! ئەي ۋەتەن سېنى نېمە دەي؟
نېمىدەپ مەدھىيىلەي، قانداق تەسۋىرلەي؟
سەندىكى ھاۋاغا قانداق ئات قوياي؟
سەندىكى سۇلارغا نېمە نام بېرەي؟
سەندىكى ھاۋادىن، سەندىكى سۇدىن —
ئۆسكەن ئۇ، باغنى قوي، ئادەمنى كۆرەي.
ھاۋايىڭ پاراسەت، سۈيۈڭ ئىقلىمۇ؟
ھۆرنى قوي، سەندىكى تۇپراققا سۆيەي،
تۇپرىقىڭ ئۈستۈردى ھەر زامان دانا...
تىلىمنى نامىدىن مەن شېكەر ئېتەي.
يۇلتۇزدەك ساناقسىز شانلىق پەرزەنتىڭ،
يۈسۈپتەك ئالىمىڭ بىلەن تەبرىكلەي.
ئالىملار — ۋەتەننىڭ گۈزەل گۈللىرى...
بۇ گۈلدىن شادلىناي، بۇ گۈلدىن كۈلەي.
ئەي قولۇم! ياخشى ياز ئالىم ئۈستىدە،
ياق دېسەڭ «شارت» قىلىپ سېنى مەن كېسەي.
ئۆلمىدى، ئۆلمەيدۇ يۈسۈپ — ئۇ تىرىك،
نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، «قۇتاتقۇ بىلىك».

1983 - يىل، قەشقەر.

# ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى

(ئەقراتلىق مۇخەممەس)

ئالىمدۇر — دۇنيانىڭ، ئىنسانىنىڭ جېنى،
ئالىملار ئالىمنىڭ بىلەر قەدرىنى...
يۇرتىمىز ئالىمنىڭ، ئەدىبنىڭ كېنى،
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

تىل بىلىم دۇنياسى ئىچرە يېگانە —
بىر يۇلتۇز شۇنچە ساپ، شۇنچە نۇرانە...
ئەجرىگە قايىلدۇر ئۆز ۋە بىگانە؛
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

يۇلتۇزكى، يۇلتۇزلار ئارا سەرۋەرى،
يۇلتۇزكى، يۇلتۇزلار ئارا ھۆكەرى
مۇبارەك ئىسمىدۇر مەھمۇد قەشقەرى،
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

«تىل» دېمەك — بىر ئەلنىڭ ھايات بەلگىسى،
مەھمۇددۇر شۇنداق زور بەلگە ئىگىسى،
ئانا تىل سۆيگۈسى — ۋەتەن سۆيگۈسى...
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

«دىۋان» دۇر دۇنيادا ئەجەب مۆجىزات،
بولمىدى ھېچ «پەلەك گەردىشى» دىن مات...
ھەر بىلىم ئەھلىگە بولدى ئۇ قانات،
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

بىر ئەلكى، بەرسە ئۇ، شۇنداق بىر ئوغۇل،
بولسا ئۇ ئېرپاندا ئالەمگە مەقبۇل،
قىسمادۇ بېشىغا قىلىپ ئۇنى گۈل!
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

گۈل قىلىپ قىستىڭ سەن ئاپىرىن ساڭا،
ھەر تامان ئىززەتلەر ئەيلىدىڭ ئاڭا،
زامانەم بۇ ئىشىڭ ياردى ماڭا،
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

ئالىمنى ھۆرمەتلەش — گۈللەشكە ئاساس،
ھەر ئەلدە راۋاج ۋە ياشناشقا ئاساس.
ئېرپانغا ھەممىنى ئۈندەشكە ئاساس،

شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

مەھمۇدنىڭ ۋەتىنى ئەي ئەزىز قەشقەر!
سەنئەت قىل ئۇغلۇڭنى! ئۇ، گويا كى زەر،
ئۇ — ئادەم شەكلىدە يارالغان گۆھەر...
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

بولمىسام زاماندىش، تۇپراقداش ئۆزۈم،
شۇ بۈيۈك شەرەپتىن ئاپتاپتەك يۈزۈم...
قەبرىنىڭ خاكىنى سۈرتۈۋال كۆزۈم،
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

بوۋامنى ئالەمگە راسا داملىتاي،
ۋەسىيەت: ئۆلسەم مەن، پۇتىدا ياتاي،
جاۋاھىر ئورنىدا شېئىرىمگە قاتاي.
شۇ ئالىم، شۇ دانا دوستلىرىم قېنى؟
ئەسلەيدۇ مەڭگۈگە ئۇنى ۋەتىنى.

1983 - يىل، قەشقەر.



# سەزمەسلەر يەنە

بىزدە مەۋجۇت، يازۇ ـ قىشنى تېخى سەزمەسلەر يەنە،
كونا قاتمال پىكرىدىن ئۇمىد ئۈزەلمەسلەر يەنە.

«دەۋرى ئۆزگەردى» دېسەڭ، ئۆزگەردى دەپ باش لىڭشىتار،
ئاڭا لايىق ئۆزگىرىشنى ئۆزى بىلمەسلەر يەنە.

دەيدۇ دەۋران، ئىشلىگىن دەپ، دەل زامانلا شماق ئۈچۈن،
شۇ نىيەتتە قىزىدى، ھەر جايدا بەس ـ بەسلەر يەنە.

دەۋرى پەرمانىچە تۇرساڭ، ئىشقا ئۇتتەك قىزىقىپ...
ئۇتۇقۇڭدىن يىغلىغاي قىسمەن كۆرەلمەسلەر يەنە.

بىر كۆچەت ئەردىم خازان... ئالسام باھاردىن بىر نەپەس،
ئاغزى كۆلدى پەس كۆرەڭنىڭ دىلى كۆلمەسلەر يەنە.

ھىجىيىپ ئالدىڭدا ماختار، قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ،
ئارقىدىن قالماس قاۋاپ... ئەمما يېتەلمەسلەر يەنە.

دەۋرىمىز، دەۋرانىمىزغا ئىقتىدار ۋە ئىش كېرەك!
ئۇ قۇرۇق گەپنى ياراتماس كىيسە ئەتلەسلەر يەنە.

پارتىيەم، ئەي باغۋىنىم! ياش مايسىلارنى ئاسرىغىن!
بار تېخى «ئېركى» جاھالەت مەيدىنى مەسلەر يەنە.

1984 - يىل، قەشقەر.



# رۇبائىي ۋە مۇرەببەلەر

## ئەي ئەقىل ماسلاش ماڭا

جابدۇغانداك بىر سەپەرگە، ئالدىراش بىر ئىشتا مەن،
ئاپپارات ئەلكىمدە دەۋران رەسمىنى تارتىشتا مەن،
قىسقا ئۆمرۈم، كۆپ تەسەۋۋۇر، ئەي ئەقىل ماسلاش ماڭا!
غەيرىتىمدىن سېنى بوش دەپ، ساڭا سەل رەنجىشتە مەن.

## خەلق مۇھەببىتىنىڭ كۈچى

بىر زامان تارتقان جاپايىم، گەرچە دوزاختىن يامان،
ئۆلمىدىم ئەمما كۆزۈمگە، ئۇ ماڭا بىر تال سامان...
باسسا ھەم ئاسمان بېشىمدىن، قىلسا ھەم قەغەز سۈپەت،
ئۇ، ئېزەلمەس!، خەلق دېگەن باغرىمدا بىر كۈچ بار ھامان.

## بەخت ئىزلىسەڭ

يول خەتەرلىك، «كوھىقاپ» تا، «بەخت» ئىسمىلىك ئۇ، پەرى...
ئوت دېڭىزدا مىسلى ساندۇق، شۇندا بەخت گۆھەرى.
ئوت دېڭىزغا كىرگۇدەك غەيرەت كېرەك، بەخت ئىزلىسەڭ،
قولغا ئال! بەخت ئاچقۇچىدۇر، ئۇ، كۈرەشنىڭ خەنجىرى!

## سۆزلىرىم مىڭ يىل ياشار

مەن ئۆلەرمەن، بۇكى قانۇن، «خەلق» دېگەن بۇ ــ تىل ياشار،
ھەر زامان خەلقىم مېڭەمدە، بۇ ــ مېڭەم، ئىزچىل ياشار...
پارچە ـ پارچە بولسا گۆردە، نېمە غەم ئەزالىرىم!؟
مەن ياشارمەن! قانچە ئون يىل، سۆزلىرىم مىڭ يىل ياشار.

## توغرا يول

تەڭلىمە قول، ھەر نىچۈك بىر شەخسكە قىلما تىلەك!
تاش چوقۇپ، كەتمەننى چاپ، بۇ ــ ياخشىدۇر ئاغرىت بىلەك...
ياشىغاندىن بىر خوجايىننىڭ كۆزىگە سەن قاراپ،
ھارۋىدەك ئىشلەپ تاراقلا، سۇ توشۇپ بولغىن چېلەك...

## شائىر بۆلەك، مەدداھ بۆلەك

بىر سوئالىم بار دېدى، دوستۇم ماڭا، ئېيتتىم سوراڭ،
ئۇ، دېدى: «شائىر نېمە؟ بىر جۈملە سۆز بىرلە ئاتاڭ»،
ئويلىماڭ «ماختاۋچى» دەپ، شائىر بۆلەك، مەدداھ بۆلەك...
ــ مەن دېدىم، ــ شائىر دېمەك، ناھەققە قارشى قوزغىلاڭ.

## ئاددىي ئادەملىك ياخشى

ئەھلى مەنسەپ قايغۇسىنى، سەن ئەگەر بىلسەڭ ھامان،
بىر ئۆمۈر «مەنسەپ» دېگەنگە، سەن يولۇقماستىڭ ياران!
ئۆتسە ئۆمرۈڭ بەلكى يۈز يىل شاھ بولۇپ بولمايدۇ تەڭ،
ئەزلى① بولغان چاغدا چەككەن بىر ئەلەمگە ھېچقاچان.

① ئەزلى ــ مەنسەپتىن ياكى ئىش ـ ئەمەلدىن بوشاش.

## ئايدىڭ كېچە

ئاي بېشىمدا، بەك مۇلايىم نۇر چاچار... ئايدىڭ كېچە،
سۇغا باقسام، ئاي ئۇنىڭدا يالتىرار، يار ئەكسىچە...
ئەسكە بىردىن چۈشتى دىلبەر، بولدى كۆڭلۈم باشقىچە،
بولسا ئۇ، بىر كېچە كاشكى! يىغلىسامۇ مىڭ كېچە...

## يەكۈن

سەن چىقارساڭمۇ يەكۈن، ھەتتاكى ئالەم توغرىلىق،
ئالدىراپ ھەرگىز خۇلاسە قىلما ئادەم توغرىلىق...
يەر دېسەڭ ئاسمان چىقار، ئاسمان دېسەڭ ئۇ — بەلكى يەر،
سۆزلەر ھەركىم ھالى قانداق، شۇنى، شۇدەم توغرىلىق.

## نېمە خوپ؟

مېھرى يوق تۇغقانلىرىڭدىن، مېھرى بار بىگانە خوپ،
كۆزى ئاچ ئۇ، «باي» لىرىڭدىن، كۆزى توق دىۋانە خوپ،
ئەقرىبالىق، ئاشنالىق شەرتى ئۇ، مۇتلەق ۋاپا،
پايدىسىز ئايۋان - سارايدىن، ئەسقاتار ۋەيرانە خوپ.

## ئەمدى تاپتىم

ئەمدى تاپتىم، نى ئىكەن ئۇ، بۇ ھاياتىمدىن مۇراد...
چۈشتى خەلقىم يۈرىكىمگە، تۇتتى قول قەلەم - دەۋەت،
كۆرۈنەرمەن بەلكى ساددا... كاتتا روھىي بايلىقىم،
چاچتى پىكرىم كۆپ جاۋاھىر، قالدى مەندىن ئەلدە ئات

## مەن بىلمىدىم

ئاڭلىساڭ كۆڭلۈمدە سۆز جاھان - جاھان مەن بىلمىدىم،
نى قىلاي ئېيتقۇزمىدى، بىر چاغ زامان مەن بىلمىدىم،
شۇنچە يالۋۇرسام قەلەمگە، بۇمۇ نامەردلىك قىلىپ...
قىلمىدى كۆڭلۈمدىكى سۆزنى بايان مەن بىلمىدىم...

## ياخشى قىزنى سۆيمەن

سالدى قولنى لالە گۈلنىڭ بوينىغا ھەشقىپىچەك،
تاجى گۈلنى چۆرگىلەيدۇ، ئۆز جىنىدا كېپىنەك...
سۆيمەن، سۆيمەي نىچۈك، گۈلدەك يۈزىڭنى ۋەتىنىم!
«ئىشقى يوق گويا ئېشەكتۇر، دەردى يوق گويا كېسەك».

## مەڭگۈ تۇرماس گۈزەللىك

بىر سەھەر كىرسەم چىمەنگە، گۈلگە بۇلبۇل بۇنى دەر:
«بۇنچىلىك ھۆسنىڭ بېرىدا، كۈل، ئېچىل مۇمكىنقەدەر...
پايدىلان زىبالىقىڭدىن، پايدىلاندۇر ئاممىنى،
بۇ گۈزەللىك مەڭگۈ تۇرماس، كۈز كېلىپ بەربات ئېتەر...»

## ئەگەر دۇنيادا قىز بولمىسا

قىزىدىم، مەن — «قىز» دېگەچ سەن، چۈنكى ئىسمىڭ قىز ئىكەن،
ئاھ... قىزىتماقتا ھارارەت، سەندە ئوتتىن تېز ئىكەن...
يەردىكى توك، كۈندىكى نۇربەلكى سەن بولساڭ كېرەك،
بۇ جاھان مۇزدەك سوغۇق، تۈندەك قارا... سەنسىز ئىكەن.

## ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرى!

مۇشۇ كۆك ئاسمان تېگى — دوستۇم، زىرائەتنىڭ يېرى،
تېرىساڭ قانداق نېمە، كەلگەي ئۈنىڭ ھاسىللىرى...
خا، ھايات بول، خا، ۋاپات بول، ياخشىراق ئىش ئىزلىسەڭ،
ياخشىلىقنىڭ دانەسىن چاچ: شۇ ئۇرۇقنى سەن تېرى!

## ئادەمزات! سەن ئۇلۇغسەن

ئادەمزات! سەن ئۇلۇغسەن، ئەڭ ئەقىللىك، ئەڭ ئېسىل...
بۇ سۆزۈم بوش ئاڭلىما، ئۇلۇغلۇقۇڭنى ياخشى بىل!
شۇ ئۇلۇغلۇققا مۇناسىپ، سەندە بولسۇن ھەممە ئىش،
بۆرە يېمەس جىنسىنى، بۇ ئىشنى سەن ھەم ئۇلگە قىل!

1984 - يىل، قەشقەر.



مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز

(سۆزلۈك)

# پىشپىتۇرغان شام

نەشرگە تەييارلىغۇچى:
سەزگۈر مۇھەممەتئىمىن

# سابا

سابا، ئۇچقىن سەھەر، يەتكۈز سالامىمنى نىگارىمغا،
گۈلىستان ئىچرە گۈللەر سەرخىلىگە — گۈل ئۈزارىمغا.

مېنىڭچۈن سورا ئەھۋال، ئايىغىدا پىرقىراپ ئايلان،
بايان قىل داغى ھىجرانىمنى ئۇ شېرىن زابانىمغا.

بولۇپ شېرىن-سۈخەن يۇمشات دىلىنى — ئېرىسۇن بۇ تاش،
نەزەر سالسۇن، ئىچى كۆيسۇن مېنىڭ بۇ خەستە ھالىمغا.

گۇۋاھدۇر قان يېشىمغا باغدا لالە يۇ-قىزىل گۈللەر،
بولۇپتۇر يۇيۇلۇپ گۈلگۈن بۇ گۈللەر چەشمە قانىمغا.

ئاگا يەتكۈز كۆيۈك بىلەن كاۋاپ بولغان يۈرەك دەردىن،
جاۋابەن سۈنبۈلى خۇشبۇيىن ئالغاچ كەل دىماغىمغا.

دېگىن: ياتقا كۆڭۈل بەرمەكتىن ئۇ پەرھىزكار بولسۇن،
قالۇر يۇقسە ئازابى رەشىك بىلەن ئۆلسەم ۋابالىمغا.

دېگەيسەن بىر كېلىپ ھالىمنى سورماق ۋاقتىدۇر ئەمدى،

قويارمەن دەسسىتىپ ئۇ كۆلسە مۇندا كۆز قاراقىمغا.

سۆزۈك قەلبىنى ئىزھار ئەيلىدى تۆزدى گۈل دەستە،
سابا، ئەلۋەتتە يەتكۈزگىن ئۇنى كۆزى خۇمارىمغا.

1956 - يىل. يەكەن.



## مەرسىيە

(قاسىمجان قەمبەرىنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان)

ئايرىدى سەندىن ئۆلۈم سەيياددىنىڭ مۇدھىش قولى،
بېشىمىزغا چۈشتى چوڭقۇر بىر مۇسىبەت شۇ كۈنى.

بۇ دەردىلىك تەقدىرگە قارشى نەدە بولسۇن بىر ئىلاج؟
كىممۇ بولماس ئاقىۋەت بۇ شۇم ئەجەلنىڭ تۇتقۇنى؟

گۈلشىنىمدىن سەن كېتىپ دىللاردا قالدى ئوتلىرىڭ،
ھېچقاچان ئۆچمەس بۇ ئوت، كۆكلەرگە ئۆرلەپ ئۇچقۇنى.

شۇ غەيۇر مەردانە ئوبرازىڭ كۆڭۈللەردە ھايات،
مەڭگۈلۈك مەشئەل قىلىپ باشلاردا ياندۇردۇق ئۇنى.

خەلق بىلەن بىللە ياشايسەن دىلدا، تىلدا يادلىنىپ،
كىمنىڭ ئۆمرى ئۆتسە ئەل يولىدا يوقتۇر ئۆلگىنى.

سەن قورال ئالغان ئىدىڭ ئېلىڭگە ئازادلىقنى دەپ،
ئويىنتىپ جەڭگاھ ئارا غەيرەت، شىجائەت دولدۇلى.

ئاھ، لىرىك شائىر ئىدىڭ ـــ ئىلھاملىرىڭ جۇشقۇن سېنىڭ،
بۇ ۋەتەن، خەلقنىڭ ئىدىڭ سەن بىر سۆيۈملۈك بۇلبۇلى،

سەن ئىدىڭ بىر ئىنقىلابچى، كەمتەرىن ئەرباب دانا
تاۋلىغاندى سېنى جەڭ ـــ قايناق كۈرەشنىڭ يالقۇنى.

ئەجرى سىڭدۈردۈڭ ۋەتەن يولىدا قان ۋە تەر تۆكۈپ،
قالدى تارىختا ئىزىڭ ئەل ئېتىراپ ئەيلەپ بۇنى.

ئەي ۋەتەننىڭ سادىق ئوغلى تىنچ يات قەبرەڭ ئارا،
بولىمىز ئىشىڭغا ۋارىس كۈچ قىلىپ بۇ قايغۇنى.

يەردە قالمايدۇ ئۈمىدىڭ بىز ئورۇندايمىز چوقۇم،
ئېچىلۇر جەزمەن ئېلىڭدە ئويلىغان ئارمان گۈلى.

1956 - يىل 3 - ئاي، يەكەن.



## يار ئەتمىگۈم

تاشلىدىم ئەمدى سېنى ئاۋۋالقىدەك يار ئەتمىگۈم،
مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن دامىڭغا دۇچار ئەتمىگۈم،
بۇ ئۆزۈلگەن رىشتىنى پەيۋەستە تەكرار ئەتمىگۈم،
ئىززىتى نەپسىمنى ئالدىڭدا يەنە خار ئەتمىگۈم،
كەڭ جاھاننى كۆزلىرىمگە بۇ بىلە تار ئەتمىگۈم.

دىلدا مېھرىڭ ئوتلىرى كۆل بولدى — ئۆچتى، يانمىغاي،
ئۈزۈلۈپ كەتكەن كۆڭۈل ئاۋۋالقىدەك باغلانمىغاي،
بىر مەسەل بار: «چىقسا كۆز، ئۆز ئورنىغا جايلانمىغاي»
ئەمدى چۆرەڭدە بۇ جان پەرۋانىدەك ئايلانمىغاي،
مەڭگۈ تەرك ئەتتىم سېنى ھەرگىزمۇ دەركار ئەتمىگۈم.

ناز بىلە ئەقلىمنى ئالدىڭ سەن زەھەرلەپ مەست قىلىپ،
پەردىلەپ ئەسلىڭنى پىنھان ئەيلىدىڭ بىلمەس قىلىپ،
ھىيلىلەر قىلغانلىقىڭنى ئاقىۋەت قالدىم سېزىپ،
قىلمىشىڭنى بىرمۇبىر ئالدىڭغا قوياي مەن تىزىپ،
قانچە قىلساڭمۇ پۇشايمان ئەمدى دىلدار ئەتمىگۈم.

ساڭا ئوخشاش بەدنىيەتنى تونۇماسمەن ئۆلگۈچە،
بەلكى دوستلۇق غەزەلىنى ئوقۇماسمەن ئۆلگۈچە،

بولدى شامم خىرە سەئدىن يورۇماسمەن ئۆلگۈچە
تاھاياتىم بار يېڭىنىڭغا يولۇماسمەن ئۆلگۈچە
قايسى يولدا سەن ئەگەر ماڭ، ئاندا رەپتار ئەتمىگۈم.

ئەي ۋاپاسىز سەن بىلە ئۆتكەن شۇ ئۆمرۈمگە ئىسىت!
ساختا پەيمانىڭغا پۈتكەن ساددا كۆڭلۈمگە ئىسىت!
شۇنچە ئىخلاسىم، ئەقىدەم بەلكى سۆيگۈمگە ئىسىت!
تەلمۈرۈپ سەئدىن ۋاپا كۈتكەن شۇ كۆزۈمگە ئىسىت!
بەس، قەسەمبىللاكى قايتا سۆيگۈ ئىزھار ئەتمىگۈم.

1970 - يىل، يەكەن.



## بىر ئىشقى تەرەننۇم

جىلۋەلەركى كۆرستەر ھەر كۈن كۆزۈمگە دىلرەبا،
بۇ بىلە قەلبىمگە ئوت ياقماقنى قىلدى مۇددىئا.

ياقتى ئوت، قەلبىم ئۆيىنى قىلدى ۋەيران ئاقىۋەت،
ئەمدى ۋەيراننى تۈزەتمەك نە ئۈچۈن دىشۋار ئاڭا؟

ئۆزگىلەرنى قىلدى مەمنۇن كۆپ ۋاپادارلىق بىلە،
ئۈردى كۆكسۈمگە جاپا تاشىنى مەندە نە گۇناھ؟

ئويلىدىم مەن: «بۇ گۈزەللەر ئادىتى شۇنداقمۇ» دەپ،
يوقسە مەندەك بىگۇناھقا نە ئۈچۈن مۇنداق جازا؟

ئى سۆزۈك قىلما ۋاپا ئۈمىدىنى مەككارىدىن،
كىم ۋاپاسىزدىن ۋاپا كۈتكەن ئىكەن قىلدى خاتا.

1983 - يىل، يەكەن.

# ئۆتەي

جان ۋەتەن بولسام تىرىك ئۇتۇگىدىن ئايرىلماي ئۆتەي،
ئايلىنىپ پەرۋانىدەك بويۇڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.

ئىشقا سال پەرمان بېرىپ، چىن دىل بىلە ئەيلەي ئادا،
مەيلى ئوت، سۇغا بۇيۇر ھۆكمىڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.

ئابرويۇمدۇر سېنىڭ كويۇڭدا چەككەن مېھنىتىم —
بولسا ھەرقانچە جاپا - جەبرىڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.

بۇلبۇلى شەيدا سۈپەت ئىشقىڭدا سايراي سۇبھۇ - شام،
ياگرىتىپ ھەر دەم ناۋا كويۇڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.

بۇ سۆزۈك دەر: مۇرغى روھىم تاكى تەندە ھۆكۈمران،
مەن بولۇپ سادىق ساڭا سۆيگۈڭدىن ئايرىلماي ئۆتەي.

1983 - يىل، يەكەن.

## بۇلبۇلغا

كەل ئى بۇلبۇل ناۋا سازلىق قىلىپ سايرا خۇشال ـ خۇرام،
بۇ سايراشقا ۋەتــەن ئىشقىنى مەزمۇن ئەيلىگىن هــەردەم،
ۋەتەن گۈلزارىدەك دۇنيادا گۈلزار بولمىغاي كۆركەم،
ئۇنىڭ تەربىيدە ئەرزىيدۇ قانچە سايرىساڭ بۇ دەم،
هاياتىڭغا ئۆمۈر بويى ۋەتەن كۈيىنى قىل هەمدەم.

ۋەتەن قويىنى ئۇلۇغ نېمەت ئېرۇر ئەهلى ۋەتەنلەرگــە،
ۋەتەنىنىڭ فۇرقىتى دوزاخ ئازابى جــان ـ بەدەنلەرگە،
ۋەتەننى ئوخشىتىش ئازلىق قىلۇر بــاغۇ ـ چىمەنلەرگە،
ۋەتەن جاندىن ئېزىزدۇر «قەدرىنى بىلدىم» دېگەنلەرگە،
ۋەتەن بەختى سىنىڭ بەختىڭگە يېلتىز ـ بىخ ئېرۇر مەھكەم.

قىلىپتۇ پەرۋەرىش روھىڭنى، جىسمىڭنى ۋەتەن قويىنى،
ۋەتەن بەردى ساڭا بۇ ئەقلۇ ـ ئىدراك، كۈچ ـ ماغدۇرنى،
جاهاندا هەممىدىن ئۇستۇن ئەمەسمۇ بۇ ۋەتەن ئورنى،
ئەگەر بىلسەڭ ۋەتەن قەدرىــنى، بولساڭ ئۇچكۆيەر ئوغــلى،
تۇرۇش نومۇس ئەمەسمۇ ئاقلىماي تۇز، سايرىماي بىغەم؟

ياشاپ كەلگەن شۇ ئەجدادىڭ سېنىڭ شانلىق دىيارىڭدۇر،
تەسەۋۋۇرلاردىكى جەننەتتىن ئارتۇق گۈلئۈزارىڭدۇر.
ۋەتەن دۇنيادا تەڭداشسىز ئۇلۇغ بىر قىبلىگاھىڭدۇر،
ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئى شائىر سېنىڭ كىم مېھرىبانىڭدۇر؟
دىلىڭنى غۇنچىدەك كۈلدۈرگۈچى كىمدۇر بولۇپ شەبنەم؟

1983 - يىل. يەكەن.



# ۋەتەن قەدرى

ۋەتەن قەدرى ئۇلۇغ شۇنچە بايان ئەيلەپ ئادا بولماس،
ۋەتەن قەدرىگە كىم يەتسە ئاشار قەدرى تىباھ① بولماس.

ۋەتەن قەدرى ئېزىزلانسا تاپار ئىززەت ۋەتەنداشلار.
ۋەتەننى كىمكى خار ئەتسە ئۆزى غەمدىن جۇدا بولماس.

كەچۈرسە كىمكى ئۆمرىنى ۋەتەن دەپ تەردە - مېھنەتتە،
ئېچىلغاي ئەجرىدىن گۈللەر جاھاندا بىناۋا بولماس.

ۋەتەن، خەلقىگە كىم قىلسا خىيانەت قۇرۇسۇن نەسلى،
ئىنىغا ھۆرسە گەر تۈلكە قوتۇر بولغاي داۋا بولماس.

كىشىكىم ياقمىسا دىلغا ۋەتەن مېھرى بىلەن مەشئەل،
قالۇر قەلبى قاراڭغۇدا، ئاڭا ھېچبىر زىيا بولماس.

ۋەتەنىنىڭ چېھرىدىن ھەركىم ئۇرۇق سالمايدىكەن دىلغا،
بۇ دىلنى قاغجىراق چۆل بىل، ئۇنىڭدا ھېچ گىياھ بولماس.

① تىباھ — خاراب، ناچار، تۈۋەن مەنىسىدە

كىشى قەلبىدە گەر يوقتۇر ۋەتەن سۆيگۈسىدىن زەررە،
ئۇنى ئىنسان قاتارىدا ساناش ئەسلا راۋا بولماس.

سۆزۈك تۇرساڭ بۇلاق ئوخشاش تەشنا - زارغا ھەم ئورتاق،
نىچۈك جان سەن ۋەتەن قەدرىن ئاشۇرماققا پىدا بولماس؟

1983 - يىل. يەكەن.



# مەرسىيە

(شائىر ئۇرمۇھەممەت ئىركىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن)

مەرسىيە يازدىم ۋاپاتىڭغا ئاتاپ شائىر بۇ دەم،
كۆزلىرىم بولدى دەۋەت، يېشىم سىياھ، كىرپىكىم قەلەم.
ئارىدىن كەتتىڭ تۈيۈقسىز باستى بىزنى قايغۇ ـ غەم،
بۇ جۇدالىق داغىدىن دىللار شىكەستە، كۆزدە نەم،
ئاھ، بۇ فۇرقەتتىن ئېغىر كىشىگە بارمۇ بىر ئەلەم؟

ئەسلىسەم سېنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭنى بىرمۇبىر،
ئەيلىدىڭ قورال قەلەمنى، تارقىتىپ ئىلغار پىكىر،
ئۆتتى ئۈمىدۋار ھاياتىڭ چېلىشىپ باشتىن ـ ئاخىر،
ئەل ـ ۋەتەن ئىشقىدا كۆيدۈڭ جەبرىلەر تارتتىڭ ئېغىر،
گۈل ئېچىلدۇردۇڭ ئادالەت يولىدا تاشلاپ قەدەم.

ئەكس ئېتەتتى قەلىمىڭدىن دائىم ھەقىقانىي سادا،
سەن ۋەتەننى كۈيلىگەن بۇلبۇل ئىدىڭ بىر خۇش ناۋا.
چىقتى داڭقىڭ بۇ ئەزىزانە دىيار قەشقەر ئارا،
بىر مەھەل بولساڭمۇ ناھەقلىككە ئۇچراپ دىل يارا،
بولمىدى قەددىڭ سېنىڭ بۇ جەبرىلەر ئاستىدا خەم①.

① خەم — ئېگىلىش، ئېگىلگەن مەنىدە.

غـايىلىك ئادەم ئىدىڭ سەن يار ئىدى ۋىجدان ساڭا،
ھەق ـ ئادالەتتىن بۆلەك ھېچ يوق ئىدى ئارمان ساڭا،
ئىش ئىدى بولماق ۋەتەننىڭ كۆيچىسى ھـەر ئان ساڭـا،
يولنى كەڭ قىلدى ناۋاغـا بۇ يېڭى دەۋران ساڭـا،
خارلىنىپ ئۆتكەن ھاياتىڭ بولدى ئاخىر مۆھتىرەم.

گەرچە كەتتىڭ ئارىمىزدىن قـەلبىمىزدە سەن ھـايات،
قالدى بىزگە يادىـكارىڭ تـەر تۆكۈپ قىلغان ئىجـاد،
ماسىمىز ئىزىڭنى بىز، قـەبرەڭـدە شائىر تىنچ يات.
ئى سۆزۈڭ توختات يېشىڭنى، قىل ئۇنى ئىش بىلەن ياد،
بەر ئىجادىي ئىشىغـا ۋارىس بولۇشقا چىن قـەسەم.

1984 ـ يىل، يەكەن.



## جان قۇشىغا!

ئاڭلا سۆزۈمنى قۇشۇم، بىر كۈن بەدەندىن كېتىسەن،
نەچچە ئون يىللاپ ياشاپ ئۆتكەن چىمەندىن كېتىسەن.
«ئەلۋىدا» دەيسەن بولۇپ بىئىختىيار تەنگە بېقىپ،
تەركى جانان، خانىمان ئەيلەپ ۋەتەندىن كېتىسەن.

ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپتۇ بارسا كەلمەس يول ساڭا،
بۈگۈن – ئەتە شۇم ئەجەل جاللادى سالغاي قول ساڭا.
ياخشىلىقتىن ئىز قويۇپ كەتسەڭ جاھاندىن نېمە غەم؟
ياخشىلىق بىناسىغا سالماق كېرەكتۇر ئۇل ساڭا.

قىلمىغىن كۆڭۈلەرنى زايا كەتسە ئۇ كەلمەس يېنىپ،
قالمىغىن ئاخىر پۇشايمانغا يامان يولدا مېڭىپ.
ئىزگۈ ئىش ئەيلە، جۇدا بولماستا تەننىڭ قوينىدىن،
ئورنىغا كەلمەيدۇ ھەرگىز قالسا بۇ پۇرسەت كېتىپ.

تەننى بويسۇندۇر ئۆزۈڭگە، ئال بۇ بۇرچۇڭنى بىلىپ،
ئىشقا سال جىسمىڭنى دائىم، قويما بىكار سەمرىتىپ.
تەن ساڭا قىلسۇن ئىتائەت – بۇيرۇغان ئىشنى قىلىپ،
تۇت شۇنى يادىڭدا مەھكەم، ماڭما تەنگە ئەگىشىپ.

ئەگىشىپ ماڭما تېنىڭگە، چىقمىسۇن دېسەڭ كاشال،
ھۆكۈمرانلىق قىل تېنىڭگە، تاپىمەن دېسەڭ كامال.
تەننى ياخشى قىل ئىدارە، مەيلىگە قويما ئۇنى،
شۇندىلا ھەر ئىزگۈ ئىشقا يول ئېچىلغاي بىمالال.

1984 - يىل، يەكەن.



# ئىسىت، ئالتۇن ئۆمۈر

ئۆزۈمدىن سورىدىم سوئال: «تۇغۇلۇپ نېمە ئىش قىلدىم؟»
جاۋابىدا دۇدۇقتۇم، كۆپ خىجالەتلىكنى ھېس قىلدىم.

كەچۈردۈم كۆپلىگەن يىللارنى، نۇرغۇن يازۇ - قىش ئۆتتى،
شۇ ئۆتكەن چاغلىرىمدا قايسى ئىشلارنى رەۋىش قىلدىم؟

ۋەتەننى گۈللىتىش يولىدا سىڭدۈردۈممۇ ئەجرىمنى،
بېرىپ سۇ ئورنىغا قان قايسى گۈلنى پەرۋىش قىلدىم؟

تۆكۈپ تەر بىر كۆچەت تىكتىممۇ ئەلگە مېۋە بەرسۇن دەپ،
قېنى خەلقىمگە لەززەت بولغۇدەك قانداق يېمىش قىلدىم؟

دەرىخا، ئۆتتى بىھۇدە ئۆمۈر، نەسۇد پۇشايماندىن،
ئىسىت، ئالتۇن ئۆمۈر! قەدرىڭنى بىلمەي سېنى ھېس قىلدىم.

ئۆكۈندۈم شۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمۈرگە، ئەمدى نە چارە؟
پۇشايماندىن كۆزۈمنى قانغا تولغان بىر ئىدىش قىلدىم.

1985 - يىل، يەكەن.

## قەلەمگە خىتاب

ئەي قەلەم، تەييارلىنىپ تۇر! ساڭا مېھمان كېلىدۇ،
بولغىلى جانىڭغا جان، دەردىڭگە دەرمان كېلىدۇ.

قەدىمگە ئاق ۋاراقلاردىن پايانداز ئەيلىگىن،
ئەزىدىن ھەربىر ۋاراق ئۈستىگە داستان كېلىدۇ.

نامى «ئىلھام» دەپ ئۇنىڭ مەشھۇر بولۇپتۇ ھەممىگە،
بولغىن ھوشيار، ئۇ تۇيۇقسىز، بەلكى پىنھان كېلىدۇ.

چال ۋىسال كۈيىنى بارلىق كۈچ بىلە ياڭرات قەلەم،
داغى ھىجرانىغا داۋا بولماققا جانان كېلىدۇ.

ئى سۆزۈك چالغىن قەلەم سازىنى ئىلھام كۈيىگە،
چۈنكى ئىلھامسىز ئىجادىيەتكە نۇقسان كېلىدۇ.

1986 - يىل، يەكەن.

# تىلەك

ئارزۇلار ئۇرغۇغان گويا بۇلاقتۇر يۈرىكىم،
مەۋج ئۇرار ئۇندا مۇقەددەس غايە ـ ئوتلۇق تىلىكىم.

بى تىلەك ئۆمۈر كېرەكمەستۇر ماڭا نىتەي ئۇنى؟
بى تىلەك ئادەمنى چىن ئادەم دېمەككە يوق تىلىم.

كىم تىلەكنى قىلسا يار ئۆمرى ئۇنىڭ قىممەت تاپار،
تىلىكىم باردۇر ماڭا ئۇنىڭ ئۈچۈندۇر ئەمگىكىم.

مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ تىلەكسىز ھەر ھايات.
ئۇ گىياھسىز چۆلدۇر، ئۇندا سۇ تېپىلماس بىر تېمىم.

بەختلىكمەن، تىلىكىم پارلاپ تۇرار قەلبىم ئارا،
كۈچ تاپار ئۇشبۇ تىلەكتىن كۈندە ئەقلۇ ـ ئىدرىكىم.

ئى سۈزۈك پەرەندەگە لازىم قانات، ئەرگە تىلەك،
قىل قانات سەنمۇ تىلەكنى ئەيلە پەرۋاز، ياتما جىم.


1986 ـ يىل، يەكەن.

# پۇشايمان

«پۇشايمان» دەپ بىر سۆز باردۇر لۇغەتتە،
بۇنى بىلۇر كۆپچىلىكمۇ ئەلۋەتتە.
دىلغا چۈشكەن بىر زېدىدۇر پۇشايمان،
ساقايمىقى مۇمكىن ئەمەس ئادەتتە.

بىر قىلمىشقا قىلىپ قاتتىق پۇشايمان،
ئۆمۈر بويى كەلمەكتىمەن ئەپسۇس يەپ.
بۇ چېكى يوق دەردنى ماڭا كەلتۈرگەن،
ئويلىماستىن قىلغان ئىككى ئېغىز گەپ.

1986 - يىل. يەكەن.



# كىتاب

سېغىنىدۇ قويىنۇڭغا پۈتكۈل كائىنات،
شۇنچە كەڭدۇر قۇچىقىڭ ئەي مۆجىزات.
سەندە ھېكمەت، سەندە پەن تاپتى رەقەم،
سەندە تەقرىر① بولدى كەشپىيات، ئىجاد.

بىر قۇياشسەن نۇرلىرىڭ ئالتۇن سېنىڭ،
چىقىشالماس دۈشمىنىڭدۇر تۈن سېنىڭ.
بۇرچ ساڭا تۈن پەردىسىنى كۆيدۈرۈش،
ھەر سۆزۈڭ گوياكى بىر يالقۇن سېنىڭ.

دىلغا نۇر بەرگەي پىكىر ئۇنچىلىرىڭ،
كېتىدۇ سەندە تۈگۈنلەر يېشىلىپ.
بىر گۈلىستانسەن، گۈلۈ - غۇنچىلىرىڭ —
بىرنى ئۈزسە يۈزى تۇرغاي ئېچىلىپ.

ئويغىتارسەن ئۇيقۇدىن دىللارنى سەن،
سۆزلىتەرسەن ھەر گاچا تىللارنى سەن.
كىمكى كۆز سالسا يۈزۈڭگە تەلمۈرۈپ،
ئەيلىدىڭ مەھرۇم قاچان كىملەرنى سەن؟

① تەقرىر — ۋۇجۇدقا چىقتى مەنىسىدە.

ئالدىم ھۆسنىڭدىن يورۇق ھەر تۈن - گېچە،
قانمىغايسەن سېنى كۆرسەم ئۇن كېچە.
سەن تۇرۇپ يېنىمدا، ئۇيقۇ نە كېرەك،
كۆرىمەن يۈزۈڭنى باغرىم قانغىچە.

1987 - يىل، يەكەن.

# هايات ۋە تەلەپ

(مەسنەۋى)

تەلەپسىز دىل سۇيى يوق كۆلگە ئوخشار،
گىياھسىز تاپ - تاقىر بىر چۆلگە ئوخشار.

كىشى بولسا ھاياتىدا تەلەپسىز،
ئۆتەر ئۆمرى ئۇنىڭ قىلچە شەرەپسىز.

تەلەپكارلىققا كىم قىلماس رىئايە،
ھاياتى مەنىسىزدۇر، مىسلى سايە.

ئىكەن توغرا تەلەپلىك كىم ئەگەردە،
بولۇر ھەمراھ ئاڭا بەخت ھەر قەيەردە.

بىراق قىلماس قۇرۇق ئىستەك كۆپايە،
كۆرەش مېھنەت بىلەن گۈل ئاچار غايە.

تەلەپ يولىدا چەكسە ھەر كىشى دەرد،
كامالەتكە ئېشىك ئاچقاي بۇ زەخمەت.

تەلەپ مېھنەت بىلە كۆچ ئاپقاي ئادەم،
نىشان ـ مەنزىلىسىرى يول ئاچقاي ئادەم.

سۆزۈك سەن ھەم تەلەپلىك بىر كىشى بول،
ھاياتىڭدا ئېچىلدۇر تورىماس گۈل.

1987 - يىل، يەكەن.



## شائىر ۋە ئىلھام

(مەسنەۋى)

1

### شائىرنىڭ ئىلھامغا زارى:

ئىلھام جانان، تۈكەي ساڭا ئەرز ـ دادىمنى،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلا چەككەن پەريادىمنى.

كېلەتتىڭ سەن قانات قېقىپ مۇندا پات ـ پات،
چۈمدۈرەتتىڭ خۇشاللىققا مېنى قات ـ قات.

بېشىم ئۈزرە ياغدۇراتتىڭ چاچقۇنلارنى،
بەخش ئېتەتتىڭ ئىجادىمغا ئاچقۇلارنى.

تەسەۋۋۇرغا باي بولاتتىم قەدىمىڭدىن،
گۈزەل قۇرلار تىزىلاتتى قەلىمىمدىن.

كېيىنكى چاغ بولدۇڭ قەدەم تەشرىپ ئەتمەس،
بولۇۋالدىڭ ماڭا زادى يېقىن كەلمەس.

قەدىردانلىق ھەققى قالدى ئاپماي ئادا،
تەرك بولدىمۇ مەگەر سەندە ئەمدى ــ ۋاپا؟

سەۋەب نىمە، بىلەلمەستىن بولدۇم ھەيران،
ئالدى مىنى ئۆز ئىلكىگە داغى ھىجران.

سەن كەلمىگەچ توختاپ قالدى ئىشتىن قەلەم،
بولماس نىچۈن بۇ شائىرغا ھەسرەت ـ ئەلەم.

سەنسىز مىنىڭ پۈتۈپ كەتتى ياگراق ئۈنۈم،
فۇرقەت چىكىپ ئۆتمەكتىدۇر ھەربىر كۈنۈم.

ئاق قەغەزلەر ياتار ئەنە توپا بىسىپ،
سەن بولمىساڭ قانداق بولار ئۇنى يىزىپ؟

مىسكىن دىلىم سىنى كۈتەر دىلبىرىم كەل!
تەشنالىقىم قانسۇن لىۋى كەۋسەرىم كەل!

كىلىپ مىنىڭ ھەمدىمىم بول ئىلھام ــ جانان،
پىدا بولسۇن قەدىمىڭگە سىنىڭ، بۇ جان!

**2**

### ئىلھامنىڭ شائىرغا بەرگەن جاۋابى:

ۋاقىپ بولدۇم سۆزلىرىڭدىن ئەي سۇخەندان،
دىگەنلىرىڭ بارى راستتۇر ئەمەس يالغان.

ئاشۇ چاغلار چەككەن ئىدىڭ مۇشەققەتلەر —
قەدىمىمگە تۆكۈپ ھەرئان زەركەبى تەر.

ئىجادىڭغا بولغان شۇڭا مېنىڭ رولۇم،
توسالغۇسىز راۋان ئىدى ساڭا يولۇم.

ئەمدى دىلدار ئىرىشمىدىڭ قىلدىڭ سۇسلۇق،
سەندىن شۇڭا ئەي قەلەمكەش ئۈزدۈم دوستلۇق.

ئۆتتى كۈنۈم سەن تەرەپكە قانات قاقماي،
سەۋەبى شۇ: ھۇرۇنلۇقۇڭ قالدى ياقماي.

قىلمىشىڭغا ئەگەر قىلساڭ سەن پۇشايمان،
يېڭىباشتىن دوست بولاتتۇق قىلىپ پەرمان.

ئېيتىپ ئۆتەي تۆۋەندە مەن بىلگىنىمنى،
توغرا تاپساڭ قوبۇل ئەيلە دېگىنىمنى.

ئاڭلا، روھىي ھادىسىدۇر مېنىڭ ئەسلىم،
ئەمگەك بىلە نېسىپ بولار مېنىڭ ۋەسلىم.

شېئىرىڭغا تۇغۇت ئانا بولماق ئىشىم،
گۈزەل تۇيغۇ، يېڭى پىكىر — ئىزدىگىنىم.

ئىجادىڭغا مەنىسىز ھەرگىز يوقتۇر راۋاج،
بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەن، كۆزۈڭنى ئاچ.

چىن كۆڭۈلدىن مېنى سۆيمەك، بولساڭ دىلدار،
ئايانماي ھېچ ئىزدەن ھامان، بول تەلەپكار.

بۇ شەرتلەرنى ئادا قىلساڭ ئەي قەدىردان،
ئايرىلمايمەن كېچە ـ كۈندۈز سەندىن ھامان.

1988 - يىل، يەكەن.

# ئاتا ۋە ئوغۇل

(خەلق چۆچىكى ئاساسىدا)

ئۆتكەن ئىكەن بىر زاماندا ئىككى جان،
بىرى چال — ماغدۇرى كەتكەن ناتىۋان.
بىرى چالنىڭ كۆز نۇرى — ئوغلى ئىكەن،
كۈچ بىلەن تولغان ۋۇجۇدى، نەۋقىران.

چال ئىكەن ئاۋارەھال، بەكمۇ زەئىپ،
ئوغلىنى چوڭ قىپتۇ ئۇ ئاسراپ بېقىپ.
زېرىكىپتۇ ناتىۋان چالدىن ئوغۇل،
ئاتىسىغا ئاخىر بوپتۇ رەقىب.

ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بەتنىيەت،
چارە - تەدبىرلەرنى ئويلاپ نەچچە رەت.
خەستە جان، نامرات كېسەل بىچارىنى،
تاشلىماقتا بوپتۇ تاغدىن ئاقىۋەت.

بار ئىكەن يېقىندىلا بىر تاغ - ئېگىز،
دەپتۇ: «تاشلاي ئۇنى شۇندىن يەرگە تېز.

تېنى بولسۇن ۋەھشىيلەرنىڭ ئوزۇقى،
قالمىسۇن ئالەمدە ئۇندىن زادى ئىز.»

ئاتىسىنى بىر كۈنى يۆلەپ ئوغۇل،
ئاپتۇ سۈرئەت بىلە بىر كۈن تاغقا يول.
كۆر يۈگۈرتۈپتۇ چىقىپ تاغ ئۈستىگە،
ئىزدىبان پەنھانە جاينى ئوڭ ۋە سول.

ئوغلىنىڭ بۇ قەستىنى سەزگەن ھامان،
دەپتۇ بوۋاي: «ئەنە، ئۇ يەردىن ئاسان —
تاشلىغىن تېز ئىككىلەنمە ئەي ئوغۇل،
مەنمۇ ئاتامنى شۇ يەردىن تاشلىغان...»

بىر زىيارەتگاھ ئېرۇر بىلسەڭ جاھان،
نېمە چاچساڭ شۇ بولۇر ھاسىل ھامان.
بار مۇكاپات قىلمىشىڭغا ھەر نىچۈك،
ياخشىغا ياخشى، يامان ئىشقا ـ يامان.

1988 - يىل، يەكەن.



# سازەندىگە

كەل ئى سازەندە سازىڭنى يېڭى كۈيلەرگە تۈز ئەمدى،
يېقىمسىز كونا پەدىدىن كۆڭۈل ـ مېھرىڭنى ئۈز ئەمدى.

يېڭى ئاھاڭغا چال سازنى قوۋانسۇن ئۇسسۇغان دىللار،
يۇيۇپ پاكىزلەپسەن روھنى، غۇبار ـ دۇغلارنى سۈز ئەمدى.

خەلقىنى شادىمان ئەيلە، يېڭى ناخشاڭنى ياڭرىتىپ،
ئېچىلسۇن تەلتۆكۈس ئەلدە يېڭى دەۋرانغا كۆز ئەمدى.

بۇ لەرزان چالغۇنىڭ جان بەخش كۈيىدىن بىرىپ تەسىر،
كىشىگە ئەي سۆزۈك ئەمدى روھىي ئۇرۇق يېگۈز ئەمدى.

1988 ـ يىل، يەكەن.

# ئىجادىم

ئىجادىم بوۋاقنىڭ تۇغۇلغىنىدەك،
تۇغۇلار دۇنياغا ئېچىپ كۆزىنى.
سۇبھىدەم شەبنەمدىن كۈلگەن غۇنچىدەك،
ھاياتقا بېغىشلار تەبەسسۇمىنى.

تۇغۇلار ھاياتقا قويۇپ مۇھەببەت،
مۇھەببەت ئىچىدە تاپىدۇ كامال.
كۆي ئاڭا ھەمىشە ۋاپا، ساداقەت،
ساداقەت ئەھلىگە ئاچىدۇ جامال.

ئىجادىي ئىش بىلەن بەند مېنىڭ قولۇم،
ئىلھامىم يانتاياق، ئۇچقۇتۇر يولۇم.
يېپيېڭى شېئىرلار قىلىمەن ئىجاد،
كۆپايە ئەل مېنى دېسە «بۇلبۇلۇم».

1989 - يىل، يەكەن

# ئاھ، كۈچۈم

ئاھ، كۈچۈم، قەدىرلىكىم! نېمەت ئىكەنسەن مىسلىسىز،
سەن بىلە ئەمگەك قىلىپ تۇرمۇشنى ئۆتكۈزدۇم لەزىز.

تەندە سەن بولغاچ ماڭا مىننەت ئازابى بولمىدى،
سەن مېنىڭ يۈرۈمنى ئاق قىلدىڭ بېشىمنى ھەم ئېگىز.

سەن بىللە مەغرۇر نەپەس ئالماق مۇيەسسەردۇر ماڭا،
چۈنكى مەن قۇردۇم ھاياتنىڭ قەدرىگە سەندىن نېگىز.

بىلمىدىم قەدرىڭنى ئاھ، جىسمىمدا بارىڭدا تولا،
تەندە ئاز قالغانسېرى ماڭا بىلىندىڭ كۆپ ئەزىز.

ئى سۆزۈك، يوقتۇر ئۆمۈرنىڭ تۆھپىسىز ھېچ قىممىتى،
كۈچ بېرىپ قالدۇر ئىجادىي تۆھپىدىن تارىختا ئىز.

1989 - يىل، يەكەن.

## دىلبىرىمگە

زىمىستان ئىدى قەلبىم، ئۇنى سۆيگۈڭدىن باھار ئەتتىڭ،
ئېچىلدۇردۇڭ مۇھەببەت گۈللىرىنى، گۈلگۈزار ئەتتىڭ.

قىلىپ ۋەسلىڭگە ئاۋۋال ۋەئدە، ئاخىر ئەيلىدىڭ مەھرۇم،
ۋۇجۇدۇمنى پىراق ئوتىدا ئۆرتەپ بىقارار ئەتتىڭ.

غېمىڭ لەشكەرلىرى قىلدى ۋۇجۇدۇم قەلئەسىن ئىشغال،
نېدۇر قەستىڭ ئاياغ ئاستىغا تاشلاپ خارۇ - زار ئەتتىڭ.

ۋاپاغا ۋەئدە قىلدىڭ، بولدى يالغان ئەھدۇ - پەيمانىڭ،
ئۆزۈڭنى بۇ ۋاپاسىزلىقتا ئەلگە نامدار ئەتتىڭ.

ۋىسالىڭدىن تىرىكلىك بەخش ئەتتىڭ سەن رەقىبىمگە،
نېچۈن قەتلىمگە قاشىڭنى غەزەپتىن زۇلپىقار ئەتتىڭ؟

سۈزۈككە ئەي قارا دىل، قالمىدى سەن بەرمىگەن ئازار،
شۈكۈركى ئاڭا، ئاخىر سەن ئۆزۈڭنى غەمگۈزار ئەتتىڭ.

1989 - يىل، يەكەن.

## ئانا تىلىم

خازان بولماس گۈلزارىمىز ئانا تىلىم،
مەڭگۈ گۈزەل باھارىمىز ئانا تىلىم.
روھىي ئوزۇق بىساتىمىز ئانا تىلىم،
نۇرى ئۆچمەس چىراغىمىز ئانا تىلىم.

ئانا تىلىم مەنالارغا تولغان كان سەن،
قەلبىمىزگە ئىپتىمادلىق تەرجىمان سەن.
ئەجدادلاردىن بىزگە قالغان ئەرمۇغا سەن،
بىزنىڭ مۇڭلۇق قەلب تارىمىز ئانا تىلىم.

كۆپ ئۇزاقتىن بىرى بىزگە پەيۋەستە سەن،
بىللە بولدۇڭ پاراغەتتە، غۇربەتتە سەن،
ئەجەب ئىخچام تۈزۈلگەن بىر گۈلدەستە سەن،
بۈيۈك ئەنبەر - ئىپارىمىز ئانا تىلىم.

شىرىنلىكتە ھەربىر سۆزۈڭ بالدىن ئۆتەر،
ئىپتىياجغا كەملىك قىلماس تولۇق يېتەر.
چوڭقۇر، نازۇك پىكىرلەرنى ئەكس ئېتەر،
بىسى قايتماس قورالىمىز ئانا تىلىم.

تارىخ ئىچرە ئورۇن ئۆتتۈك ئەجەب مەقبۇل،
ناۋا قىلۇر سەندە دائىم تۈمەن بۇلبۇل.
سەندە يازار، سەندە كۈيلەر قىز ۋە ئوغۇل،
سەندە ياشنار ئىجادىمىز ئانا تىلىم.

تا ئەزەلدىن تەقدىرىمىز بىردۇر بىزنىڭ،
مۇمكىن ئەمەس ئۈزۈلمىكى رىشتىمىزنىڭ.
چېكى يوقتۇر ساڭا ئى تىل ئىشقىمىزنىڭ،
كۆز نۇرىمىز، قاراغىمىز ئانا تىلىم.

شېرىڭ بولدۇڭ قىسمەت ئىدى ئاچچىق - چۈچۈك،
بىللە كۆردۈڭ كۆرگۈلۈكلەر بولسا نېچۈك.
مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن بولدۇڭ بىر يۆلەنچۈك،
بولدۇڭ روھىي مادارىمىز ئانا تىلىم.

ھادىسىلەر ئىچرە ئۆتتى ئۇزاق جەريان،
ياشاپ كەلدىڭ سەن بار بولۇپ، بولماي ۋەيران.
تاكى تۇرسا ئۆز ئورنىدا نىلرەڭ ئاسمان،
يوقالمايسەن جانانىمىز ئانا تىلىم.

تاۋۇشۇڭغا جان قوشلىرى قىلۇر رىغبەت،
سەندىن تاپار بۇ يۈرەكلەر زوق ۋە لەززەت.
يۈكسەلدۈرۈش سېنى بىزگە مۇھىم مەقسەت،
پىدا ساڭا بۇ جانىمىز ئانا تىلىم.

تەرپىمگنى توۋگىتەلمەس يازغان شېئىر،
قەلەم ئاجىز ئازلىق كېلەر چەندان پىكىر.
سىپنى ھارماي شامۇ ـ سەھەر قىلسام زىكىر،
سۆپەتلىرىڭ يەتمەس سانسىز ئانا تىلىم.

1989 - يىل، يەكەن.



## ئەيلىنىدىك

(مۇھتەرەم ئۇستاز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە)

قان تەرىدىك بىلەن قەغەز يۈزىنى گۈلشەن ئەيلىدىڭ،
مىڭلىغان شەيدا ۋە زار كۆزلەرنى روشەن ئەيلىدىڭ.
ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىپ دىللارنى خۇرسەن ئەيلىدىڭ،
بەلكى دىللارنى مۇسەخخەر قىلغىلى جەڭ ئەيلىدىڭ.

سۆزگە كەلتۈردۈڭ گىياھ، تاشنى قەلەم بولدى قورال،
سايرىتىپ خۇش لەھجە بىرلە ئەيلىدىڭ بۇلبۇلنى لال.
ھېچ دەرىخ تۇتماي كۈچۈڭنى ئەلنى كۈيلەپ ماھى، سال①،
سەن ئۆزۈڭنى ئەل بىلەن بىر جانۇ بىر تەن ئەيلىدىڭ.

تۆھپە قىلغان خەلق ئۈچۈن روھىي ئوزۇقلار شۇنچە مول،
ئالدى ئاندىن مەنىۋى لەززەت ۋەتەندە قىز ـ ئوغۇل.
ھەر سەھىپەڭ بولدى باغ، شادلاندى قەشقەر، ھەم قۇمۇل...
گۈل ـ چېچەكلەرگە كۆكۆل رىشتىنى پەيۋەن ئەيلىدىڭ.


① ماھ، سال ـــ ئاي، يىل مەنىسىدە (ئا)

ئەل كۆيىنى كۆيلىدىڭ، ياندۇردۇڭ ئىزگۈ تۇيغۇنى،
ئاڭلىسا ناخشاڭنى كىم كۆزدىن قاچۇردى ئۇيقۇنى.
بۇ ناۋادىن ياندى ياش قەلبلەردە سۆيگۈ يالقۇنى،
شېئىرىڭدىن ئوت سېلىپ دىللارنى گۈلخان ئەيلىدىڭ.

يارىتىپ نادىر ئەسەرلەرنى تونۇلدۇڭ تۆھپىكار،
تۈزگىنىڭ ئۆتكۈر ئىبارە... ھەربىرى بىر زۇلپىقار.
دەل نىشانغا تەگدى باشقا ياققا كەتمەستىن بىكار،
قىلدىڭ ئىجادىڭنى ئوق، ئۆزۈڭنى مەرگەن ئەيلىدىڭ.

تۇرىدۇ خەلقىڭ ساڭا بولۇپ ئۈمىدۋار كۆز تىكىپ،
ئاخىرىنى يازغىن «ئويغانغان زېمىن» نىڭ گۈل چېكىپ،
قەلىمىڭدىن تەڭرىتاغ باغرىغا ئۆچمەس ئىز سېلىپ.
ھۆرمىتىڭ بىلەن كۆڭۈل تۆرىنى ۋەتەن ئەيلىدىڭ.

1989 - يىل. يەكەن.



# ۋاقىت ۋە كۈرەش

نە بېشى بار، نە ئايىغى ۋاقىتنىڭ،
توختىماستىن ئۇچۇپ ئۆتەر ئوق بولۇپ.
قەدرى ئۈستۈن ھەر بىر مىنۇت، سېكۇنتىنىڭ،
چېكى تۈتمىساڭ ئۆتۈپ كېتەر. يوق بولۇپ.

ۋاقىت بىلەن كامال تاپار ھەممە ئىش،
قوينى تولسا ئەگەر ئۇنىڭ كۈرەشكە.
بۇ دۇنياغا كەلمىگەندۇر ھېچكىم تىنچ —
كۈرەش قىلماي ئۇخلىماققا - تۈنەشكە.

كۈرەش دېمەك — ئىش، ھەرىكەت ھاياتتا،
بۇ تۇرمۇشنىڭ مۇقەددەس بىر قانۇنى.
كۈرەش قىلغان كىشى قالماس ئۇياتقا،
قۇچاق ئاچار ئاخىر ئاڭا سۆيگىنى.

قىلغان ئىشقا لايىق بولۇر نەتىجەڭ،
ياخشىلىقسىز ئۆتكەن ئۆمرۈڭ پۇچەكتۇر.
كۈرەش قىلىپ ياخشى ئىز سال يولۇڭغا،
بۇ دۇنيادىن ئاخىر كەتمەڭ كېرەكتۇر.

ھاياتىڭدا ئۆيلا دوستۇم ياخشىراق،
كۆرەشچان بول، بولما ھۆرۈن، يالتىراق.
سۆزۈڭ، سائما دەستۇر بولسۇن بۇ غايە:
ئەزگۈ ئىشتىن ياندۇرۇپ كەت بىر چىراغ.

1989 يىل. يەكەن.

## تەرك ئەيلە

ئەگەر كۆرمەي دېسەڭ خارلىق، تەمەخورلۇقنى تەرك ئەيلە،
ئۆزۈڭدىن چوڭلار ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇقنى تەرك ئەيلە.

سالامەتلىكنى ياقتۇرساڭ يامان نەپسىڭگە تىزگىن سال،
يېمەك - ئىچمەكتە ئارتۇقچە غىزاخورلۇقنى تەرك ئەيلە.

دېسەڭ: «كۆڭلۈم ئەمىن بولسۇن — بېشىمغا يەتمىسۇن بىر دەرد»
سۆزۈڭنى سۆزلىگىن ئويلاپ، ئارا تورلۇقنى تەرك ئەيلە.

ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىل، سۆزىگە ياخشى دىققەت قىل،
يېقىلماق بولسا ئەندىشىڭ تەكەببۇرلۇقنى تەرك ئەيلە.

قوراللانغىن ئىلىم - پەندىن، بېزەنگىن ياخشى ئەخلاقتىن،
كېرەكمەس يالتىراق سۆلەت، بۇ فارفۇرلۇقنى تەرك ئەيلە.

دېسەڭ: «قالماي يېتىملىكتە» خەلقتىن تۇتما چوڭ ئۆزنى،
كىشىگە بەرمىگىن ئازار تىلى شورلۇقنى تەرك ئەيلە.

ئەگەر ھەرقانچە قابىلسەن، ئەمەس سەن كۆپچىلىككە تەڭ،

تالاشما كۆپتىن ئۈستۈنلۈك، بۇ مەغرۇرلۇقنى تەرك ئەيلە.

بولاي دېسەڭ سۆزۈك ساپ دىل، دىلىڭدا ساقلىما ھېچ كىر،
ئىشىڭدە راست - سەممىي بول، رىياخورلۇقنى تەرك ئەيلە.

1990 - يىل، يەكەن.



# دەريا ۋە ھېسسىيات

ئەزىم دەريا! قىرغىقىڭدا ساldىم ئىز،
مەنزىرەڭگە ئىختىيارسىز كۆزۈمنى.
تەسىرلىنىپ سوقتى يۈرەك شۇدەم تېز،
ھاياجاندىن تۇتالمىدىم ئۆزۈمنى.

ئاقماقتىسەن دولقۇنلىنىپ ئۆركەشلەپ،
كۆڭلۈمدىكى خۇشقۇنلۇق پاك ھېسلاردەك.
تۈيۈلىسەن مۇڭداشقاندەك شىۋىرلاپ،
بىر - بىردىنى سۆيگەن يىگىت - قىزلاردەك.

دەريا، سېنىڭ داۋالغۇشۇڭ ئېقىشىڭ،
ئەكس ئەتتۈردى ھېسسىياتلىق كۆڭلۈمنى.
بىر مۇقەددەس غايىنى دەپ ئاققۇزدۇم،
سۆيۈك ئوخشاش مەنمۇ شۇنداق ئۆمرۈمنى

ئۆتكىنىڭگە شۇ ئۆمرۈمنىڭ پاك يولدا،
ئىپتىخارىم قوزغىلىدۇ گاھىدا.
كۈرەش چېغى ياتمىغاچقا دالىدا،
ئۆتتىمىكىن دەيمەن ئۆمرۈم جايىدا؟!

1990 - يىل، يەكەن.

# دىلبىرىمگە خەت

بىرلا سەن ياشايسەن كۆڭلۈمدە پەقەت،
سىغمايدۇ ئۆزگىنىڭ مېھرى پەرىشتەم.
بۇ مېھىر رىشتىسى ئۈزۈلمەس ئەبەت،
تاۋلانغاچ مۇھەببەت ئوتىدا مەھكەم.

سەن نۇر – چىرىغىمسەن، مەن بىر پەرۋانە،
مەن ئۈچۈن ئوتۇڭدا كۆيۈش ئىپتىخار.
كۈلكىگە قالغۇسى. بولۇپ ئاۋارە،
ئايرىماقچى بولغان بىزنى ھەر مەككار.

بەختىمگە دىلىمنى ئەيلىدى ماكان،
سېنىڭ شۇ سۆيۈملۈك، شېرىن خىيالىڭ.
ئورنىدى ساداقەت. يوق ئەمدى گۇمان،
ھىجرانغا مۇقەررەر شىپا ۋىسالىڭ.

پولات زەنجىرلەرمۇ كېتەر ئۈزۈلۈپ،
ئەبەدىي ئۈزۈلمەس رىشتىمىز بىزنىڭ.
كېتەلمەس ئارىدىن شامالمۇ ئۆتۈپ،
ئۆزئارا شۇنچە چىڭ مېھرىمىز بىزنىڭ.

ياشناتتى بىزلەرنى سۆيگۈ باھارى،
خازانسىز بولدۇ مۇھەببىتىمىز.
قولغا قول تۇتۇشۇپ كېلەچەكسېرى،
كۆرەش ناخشىسىنى ئېيتىپ كېتىمىز.

1990 - يىل، يەكەن.

## مەنىۋى ئۆلۈك

سالمىسا كۆڭلىگە كىم ئەلنىڭ مۇھەببەت ئوتىنى،
سەزمىسە ئانا ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆز بۇرچىنى.

قالمىسا كۆزىگە ئۇ، خاكى ۋەتەننى تۇتىيا،
بىلمىسە مېھرىگىياھ ئورنىدا ھەرخەس - چۆپىنى.

كۆرمىسە ئابى ھايات ئورنىدا سۈيىنى ئۇنىڭ،
بىلمىسە ئالماسقا ئوخشاش تاشلىرىنىڭ قەدرىنى.

ئى سۆزۈك، ئۇ مەنىۋى بىر مۇردىدۇركى، يوق جېنى،
چۈنكى ھېچ سەزمەس ۋەتەن ئالدىدىكى ئۆز قەرزىنى.

1990 - يىل، يەكەن.

## خىلۋەتتە ياتقان دوستۇمغا

كىشى «ئادەم بىلەن ئادەم» بۇنىڭغا سەل قاراپ بولماس،
كىشىلىك ئالىمىدىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاپ بولماس.

تىرىكلىكنى بۇ تۇرمۇش رىشتىسى بىر - بىرىگە چاتقان،
بۇ دۇنيا ئىچرە مۇنداق يەنە بىر مەھكەم تاناپ بولماس.

نىچۈن دوستۇم بۇ خىلۋەتنى ئۆزۈڭگە ئىختىيار قىلدىڭ؟
تىرىك ئادەمگە يالغۇزلۇقتىن ئارتۇق ھېچ ئازاب بولماس.

خەلقتىن ئايرىلىپ بىھۇدە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلارنى —
ئەقىل مىزانىدا ئۆلچەتسە ھېچ قىممەت ھىساب بولماس.

پەرەز قىلدۇق: دىلىڭ ئايرىم كىشىلەردىن يېدى ئازار،
بىرىدىن رەنجىسەڭ كۆپىنى يامان نامدا ئاتاپ بولماس.

ئۆيۈڭدىن دەل چىقىپ ئۇ دوستلىرىڭغا قايتا يۈزلەنگىن،
بۇ يالغۇزلۇق ھاياتقا خاتىمە بەرمەي چىداپ بولماس.

خىيال بىلەن زايا بولما، رىئاللىققا نەزەر تاشلا،
ئوقۇشقا ساڭا تۇرمۇشتىن مۇھىمراق بىر كىتاب بولماس.

سۆزۈك، قىلغان خىتابىڭنى ئۆزۈڭگە ئەيلىگىن تەتبىق،
ئۆزىنى بىلمىسە ھەركىم ئۇنى ئاقىل ساناپ بولماس.

1990 - يىل، يەكەن.

# ئارزۇيۇمغا

بولدۇممەن ئىشقىڭدا بىر مەجنۇن مىسال،
كويۇڭدا كۆپ يىللار بولدۇم ئىزتىراپ.
تاپالماي ۋەسلىڭگە يېتىشكە ئامال،
بۇ ھىجران داغىدىن دىلىمدۇر بىتاپ.

ئەنقادەك غايىبسەن كۆزۈمدىن لېكىن،
ئويۇمدا سۈرەتتەك دائىم نامايان.
يوق ماڭا ئالەمدە سەن كەبى يېقىن،
ھالبۇكى پىنھان سەن قايدىسەن جانان؟

كۆرەي دەپ ئىختىيار ئەيلىدىم سېنى،
بۇ تەن قەپىسىدىن ئۇچماستا قۇشۇم.
ھالىمغا بىر نەزەر سالغىنىڭ قېنى؟
ئاز قالدى دەردىڭدە مادارىم، ھوشۇم.

يوللاردا ئىزلىرىم تۇرىدۇ ئەنە،
چۈشكەندۇر ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە كۆزۈڭ.
بىلمىدىم ئۆتىدۇ قانچىلىك ۋاقىت.
قايسى چاغ ئېچىلار ماڭا گۈل يۈزۈڭ؟

ئەسەۋەب بۇنىڭغا قىلغاندۇر مەجبۇر،
فۇرقەتتە باغرىمنى ئەيلىدىڭ كاۋاپ.
نە ئۈچۈن پىنھانسەن بىپەرۋا، مەغرۇر،
بۇ سۆزۈك ۋەسلىڭگە تۇرغاندا ئۇسساپ؟

1991 - يىل، يەكەن.

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا مەدھىيە

ئۆتكىنچە يىگىرمە يىل يۈز مەررە كۆزگە كۆرۈنۈپ،
ئەلگە يۈز مىڭلاپ تارالدىك كەتتى دىللار سۆيۈنۈپ.

بولدى روشەن ھەر قېتىم يۈز ئاچقىنىڭدا كۆزىمىز،
تۇردى يۈزۈڭ شەمئىدىن بىزلەرگە نۇرلار تۆكۈلۈپ.

خىلمۇخىل ژانىرلىرىڭ ئارتتۇردى ھۆسنۈڭنى سىنىڭ،
باغى بولدۇڭ ئاممىنىڭ ھەررەڭدە گۈللەر كۈلدۈرۈپ.

بولدى قوينۇڭ گۈلشىنى بۇلبۇل ـ ئەدىبلەر سورۇنى،
دەۋرىمىز، ئاسمانىمۇ كەتتى ناۋالارغا تولۇپ.

روھىي كۈچ بەخش ئەيلىدى شېرىن سۆزۈڭنىڭ لەززىتى،
بۇ پاساھەت پەيزىدىن كۆز ئاچتى دىللار ئويغىنىپ.

زەر ـ گۆھەرلەرنى قېزىپ ئالدىڭ ۋاقىتلار قوينىدىن،
بولدى شاد دوستلار ئاڭا، قالدى رەقىبلەر تولغىنىپ.

بۇ ۋەتەنداشلار ساڭا دائىم تىلەر ئىزگۈ تىلەك،
تاش يېرىپ گۈلۈڭ ئېچىلسۇن تۇر ھەمىشە نۇرلىنىپ.

بۇ سۆزلۈك يازدى سىنىڭ مەدھىيىڭدە ئاددىي بىر غەزەل،
ئىپتىخارىدۇر ئۇنىڭ گەر ئەرزىسە مەقبۇل بولۇپ.

1991 - يىل، يەكەن.



# گۈدەك چېغىمدا

(باللارغا ئاتاپ يېزىلغان مەسنەۋى)

1

ئەمدىغىنە يەتتە ياشقا كىرگەندىم،
تىنىمسىزلىق بىلەن ئويناپ يۈرگەندىم.

«ئاق - قارنى بىلسۇن» دېگەن نىيەتتە،
ئاتام مېنى بەردى دىنىي مەكتەپكە.

ئۇ چاغلاردا قانداق مەكتەپ بار؟ — دېسە،
بار بولغىنى قارىيخانا، مەدرىسە.

قارىيخانا بولدى مېنىڭ مەكتىپىم،
سامساق ئاتلىق كىشى ئىدى خەلپىتىم.

كىچىككىنە تاختاي بەردى قولۇمغا،
ھەر خىل ھەرپلەر يېزىلغانىدى ئۇنىڭغا.

ھەرپ تونۇدۇم ئاز كۈنلەردىن كېيىنلا،
ھەپتىيەككە ئۆتتۈم، دېدىم: بىسمىللا.

لېكن يوقتى ئۆزۈمنىڭ هېچ كتابىم،
مۇشكۇل بولۇپ قالدى ئوقۇش ئەھۋالىم.

قايسى بالا كتاب ئالسا قولىغا،
مەن باراتتىم ئىلدام ئۇنىڭ يېنىغا.

شېرىك بولۇپ ئوقۇيتتىم مەن كتابنى،
هېس قىلاتتىم بەكمۇ ئېغىر ئازابنى.

بىلمەيتىمەن بولغان ئۈچۈن بەك كىچىك،
«ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز قانچىلىك؟».

ئاتا - ئانام بولغان ئۈچۈن كەمبەغەل،
كتاب ئېلىپ بېرەلمەيتۇ ئۇ مەھەل.

بىلمەي بۇنى مەن ئاتامنى قىستىدىم،
كتاب ئېلىپ بەرگىن دېدىم يىغلىدىم.

شۇ چاغ ماڭا ئېلىپ بەردى بىر دىۋان،
كۆپ يېرىنى چاشقان غاجاپ قىرقىغان.

مۇقاۋىسى كەتكەن ئىدى ھەم ئاجراپ،
ئېلىپ ماڭسام تۇراتتى ئۇ پالاقلاپ.

ساۋاقداشلار كۆرۈپ بۇنى كۇلۇشتى،
چىدىغۇسىز ئىزالارغا قويۇشتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆيدىن چىقماي تالاغا،
ئاقتى مېنىڭ يېشىم ئوخشاپ دەرياغا.

ئاتمىش يىلدۇر، بۇ ئىش كەتمەس ئېسىمدىن،
تۇرار بايا ئۆتكەندەكلا بېشىمدىن.

چوڭ بولغاندا يەتتىم بۇنىڭ تەكتىگە،
«دۈشمەن ئىكەن يوقسۇللۇق ئەل بەختىگە».

مېنىڭ ئاتا - ئانام بولغاچ كۆنى قاق،
ئالالماپتۇ ماڭا كىتاب يېڭراق....

گۆدەكلىكتە بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ ئىش،
يۈرىكىمنى تاتىلايدۇ يازۇ - قىش.

2

ئۇ چاغلاردا ئەھۋال ئىدى ئاشۇنداق،
يوقسۇللارغا دۇنيا مىسلى بىر دوزاخ.

باللارغا تار ئىدى ئۇ تېخىمۇ،
مېھىر - شەپقەت قىلماس ئىدى قىلاچىمۇ.

پەننىي مەكتەپ نەدە بولسۇن ئۇ دەمدە،
قۇچاق ئاچقان جاھالەت ھەر قەدەمدە.

ئاچ - زار بولۇپ ياشار ئىدى ئوغۇل - قىز،
نادان بولۇپ قالار ئىدى ئوقۇشسىز.

## 3

قۇياش تۇغدى، بەختىمىزگە تاڭ ئاتتى،
خەلق كۆچى يېڭى دەۋران ياراتتى.

ئازاد بولدى ئاتا - ئانا دوزاختىن،
باللارمۇ تەڭ قۇتۇلدى تۇزاقتىن.

ھەي باللار، توققۇزىڭلار بولدى تەل،
كۆتكەن ئۈمىد - ئارزۇلار ئەمدى ھەل.

يۈزۈڭلەرگە بەخت ئىشىكى ئېچىلدى،
بېشىڭلارغا گۈلدىن چاچقۇ چېچىلدى.

تارتمايسىزلەر بىزلەر تارتقان ئەلەمنى،
توسالغۇسىز چامدايسىزلەر قەدەمنى.

ياخشى ئوقۇپ پەن بۇلبۇلى بولۇڭلار،
بىلىم بىلەن كۆككە يەتسۇن قولۇڭلار.

كىم ياراتتى بىزگە ئۈشبۇ دەۋرنى؟
بىلىش كېرەك كومپارتىيە قەدرىنى.

1991 - يىل، يەكەن.

# كۆز ئالدىمغا كېلۇر

ئويانسام ئۆتكەن سەبىيلىك دەۋرىنى،
«مەتلەئىل ئىرپان»① كۆز ئالدىمغا كېلۇر.
سەد بولۇپ توسقان جاھالەت ئالدىنى،
شۇ ئۇلۇغ قورغان كۆز ئالدىمغا كېلۇر.
كۆزلىرىمدىن ئالغان زۇلمەت پەردىنى،
شۇ بۈيۈك لوقمان كۆز ئالدىمغا كېلۇر.
مەرىپەت ئاسمانىدىن نۇر تارقىتىپ،
چاقنىغان چولپان كۆز ئالدىمغا كېلۇر.
ئانا مەكتەپ سىنى قانداق ئۇنۇتاي؟
تەربىيەڭ ھەرئان كۆز ئالدىمغا كېلۇر.
بولدى ئەللىك سەككىز يىل تارىخىڭغا،
بۇ ئۇزۇن جەريان كۆز ئالدىمغا كېلۇر.

1991 - يىل، يەكەن.

① مەتلەئىل ئىرپان — يەكەندە 1933 - يىلى تۇنجى قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپنىڭ نامى.

## ئىستىسەك

قورقما ئازارى تىكەندىن سەيرى گۈلزار ئىستىسەڭ،
گۈل ھىدى بىللە دىماغقا دەپئى خۇمار ئىستىسەڭ.

«ئاھ» دېمەك مەردلەرگە ئاردۇر، زەخمى خار① يەتكەن چېغى،
بول چىداملىق سەن ئەگەر بۇ يولدا دىدار ئىستىسەڭ.

تەرلىرىڭدىن گەر تەلەپ گۈلزارىڭغا ئاقماس ئېرىق،
غۇنچە كۆز ئاچماس ساڭا ھەرقانچە بىدار ئىستىسەڭ.

سۆيگۈ دەۋاسى بىللە قويما ئۆزۈڭنى كۆلكىگە،
چىق بۇ سۆيگۈ يولىدىن كەزمەكنى دىشۋار ئىستىسەڭ.

چەك تىكەن جەۋرىنى ياكى سۆيگۈدىن كەچ بىر يولى،
ئىككىدىن بىرنى قوبۇل قىلىپ، بىرنى ئىنكار ئىستىسەڭ.

بولسا شائىر سۆيگۈ باغىدىن ساڭا غۇنچە غەرەز،
نەقدى جانغا ئال ئۇنى ئۆزنى خېرىدار ئىستىسەڭ.

① خار — تىكەن.

1991 - يىل، يەكەن.

# چېچىلغان كۆڭلۈمگە

(غەزەل)

كېتىپسەن تېرىقتەك چېچىلىپ كۆڭلۈم،
نېمىشقا كۆلمەيسەن ئېچىلىپ كۆڭلۈم؟

قايسى بىر زەخمەكتىن كەتتىڭ تىرىڭلاپ،
ئۆتەمسەن تار كەبى چېكىلىپ كۆڭلۈم؟

بىر مۇڭلۇق سادا بىلەن قىلسەن ناۋا،
قاي دەردكە قالغانسەن چېتىلىپ كۆڭلۈم؟

بىلمىدىم، كىم سالدى جېنىڭغا ئېكەك،
ئۆتسەن ئازابتا ئېكىلىپ كۆڭلۈم؟

مۇشۇنداق ئۆتەمدۇ كۆنلىرىڭ سېنىڭ —
دائىما شېشىدەك چېقىلىپ كۆڭلۈم؟

كۆلۈپ ئۆت! شۇ قىسقا ھايات غەنىيمەت،
كەلمەيسەن گەر كەتسەڭ تىرىلىپ كۆڭلۈم!

1991 - يىل، يەكەن.

## بىر باشلىققا

قانىتىم بولسىدى ئۇچۇپ كېتەتتىم،
يۈزۈڭنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن يىراققا.
ئۇچرىغان بىر جايىنى ماكان ئېتەتتىم
قانائەت قىلاتتىم تاپقان تېرىققا.

شۇ خۇنۇك ئەپتىڭدىن خويمۇ زېرىكتىم،
ئاڭلاشتىن بىزارمەن قەبىھ ئۈنۈڭنى.
تويمىدىڭمۇ شۇنچە بايلىق ياراتتىم؟
نېمىشقا دېمەيسەن «ئالغىن كۈنۈڭنى»؟

1991 - يىل، يەكەن.

## قېرىلىقتىن شىكايەت

ياشلىقىم كەتتى نىكەم كەلمەس بولۇپ،
قالدى ئاندىن ئەسلىمە، شېرىن خىيال.
قېرىلىق يەتتى پالاقلاپ، پۇتلىشىپ،
زورمۇزور تاڭدى ئېڭەككە ئاق ساقال.

بۇ تەبىئەت قانۇنى ئالدىدا كىم،
بويسۇنۇشتىن ئۆزگە تاپتى نە ئامال؟
ھەل قىلالماي قاتتى بىچارە بېشىم،
ئۇچرىسا تۇرمۇشتا ئاددىي بىر دوقال.

تەن غازاڭ تەگكەن يوپۇرماقتەك زەئىپ،
ئەمدى گۈس - گۈس ماڭغىلى نەدە ماجال؟
كېتىمەن گاھى ماڭار يولدىن ئېزىپ،
كۆرسە كىم ئېچ ئاغرىتىپ دەيدۇ «ئۇۋال».

قېرىلىق بۇ قىلمىشىمنى ئاز بىلىپ،
ئۈستىلەپ قىلدى ئەقىل - ھېسنى قامال.
ياشلىقىم ئۆتكەندە ئىزگۈ ئىش قىلىپ،
قېرىدىم، دەپ ئانچە بولمايتتىم مالال.

1991 - يىل، يەكەن.

# ئارمىنىم

(غەزەل)

بايان قىلماقچى مەن ئاڭلا بۈگۈنكى ھالۇ- زارىمنى،
قېرىلىق كەلدى، كەتكۈزدى مېنىڭ ياشلىق باھارىمنى.

قۇلاق سال، مۈكچىيىپ بەل، ئاقساقال ئادەم بولۇپ قالدىم،
شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئالدى كىتابلار ئىختىيارىمنى.

ئوقۇش، پىكرەت، يېزىشتىن ئۆزگە يوقتۇر مەندە ھېچبىر ئىش،
شۇ يولغا ئەيلىدىم سەرپ ئىجتىھادىم، ئىقتىدارىمنى.

«قويالارمەنمۇ مىللەت ئالدىدا بىر تۆھپە» دەپ دائىم،
غېمىم ئىشقا ئاشۇرماق بولدى قىلغان شۇ خىيالىمنى.

يۇمۇلمايدۇ كۆزۈم كەتكەن چېغىمدا، ئىجتىھاتىمدىن —
ئەگەر كۆرسەم ۋەتەنگە مېۋە بەرگەن بۇ ناھالىمنى①.

ۋاقىت ئۆتمەكتە قەغەز دۆۋىسىگە كۆمۈلۈپ ئىشلەپ،


① ناھال — كۆچەت

سانىپ بولمايدۇ ئۆتكەن تەر تۆكۈپ لەيلى،① ناھارىمنى②.

ماجالىم قۇرسا مەيلى، تەرىمدىن گەر ئېرىق ئاقسا،
سۇغارسام ئۇسسىغان چۆلنى، ياراتسام گۈل ئۇزارىمنى.

بۇدۇر مەقسەت ماڭا: قىلماستا پەرۋاز جان قۇشى تەندىن،
مۇرادىم گۈلشىنى بويىغا قاندۇرسام دىماغىمنى.

1991 - يىل، يەكەن.



① لەيلى — كېچە.
② ناھار — كوندوز.

# پارچىلار

## 1. شېئىرىيەت ھەققىدە

يېڭى بىر شېئىرنى كۆرگەن چېغىمدا،
ھېسلىرىڭ گۈللەيدۇ كۆڭۈل بېغىمدا.
ھەر غىزا ئۆزگىچە بەرگەندەك لەززەت،
ھەر شېئىر يېڭى زوق قوزغار دىلىمدا.

※ ※ ※

قەلەمنى تۇلپاردەك چاپتۇر، يۈگرۈك قىل،
تەپەككۇر ئەۋجىگە ئۇنى تۈۋرۈك قىل.
قەلەمدىن تامچىلات يۈرەك قېنىڭنى،
بۇ قاندىن ۋاراقنى قىزارت، گۈللۈك قىل.

※ ※ ※

ئىشقىم بار ھاياتقا، كۆڭلۈمدە تىلەك،
شۇڭلاشقا ئۈمىدلىك سوقىدۇ يۈرەك.
سۈرسەمەن دۇنيادا ئۈمىدۋار ھايات،
مەقسىتىم قالدۇرۇش توزۇماس چېچەك.

※ ※ ※

پىكىر ـ خىيالىمنى بوّلمه ئى تۇرمۇش،
«قىيىنغا قويدۇم» دەپ كۇلمه ئى تۇرمۇش.
مەن ئىجاد يولىدا كېتىۋېرىمەن.
مەندىن تىز پۇكۇشنى كۇتمه ئى تۇرمۇش.

※ ※ ※

بىلىمدىن ئىنساننىڭ پىكرى ئېچىلۇر،
بىلىمدىن تەبىئەت سىرى ئېچىلۇر.
بىلىمدىن نادانلىق خاتىمە تاپار،
بىلىمدىن سائادەت گۇلى ئېچىلۇر.

※ ※ ※

ئەگەر ھەر كىم ئىگە بولسا بىلىمدەك ياخشى رەناغا،
نە رەنا بەلكى ئارزۇ يولىدا بىر سادىق ھەمراھقا.
ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا بەل بوشاشتۇرماي يۈرۈش قىلسا،
يېتەر ئاخىر مەنزىلگە ـ تەلەپ گۇلزارى ـ مەئۋاغا.

## 2. بىلىم ھەققىدە

بىلىم بىر كۆۋرۈكتۇر ئۆتكۈزەر سېنى،
مۇراد ساھىلىغا يەتكۈزەر سېنى.
بىلىمنى ئۆزۈڭگە كۆۋرۈك قىلمىساڭ،
بۇ تۇرمۇش دەرياسى چۆكتۈرەر سېنى.

※ ※ ※

تاراملار يىغىلىپ بولغانغا ئوخشاش بىر ئەزىم دەريا،
بىلىم ئاز ـ ئاز يىغىلماق بىلە ئىنسان بولىدۇ دانا.
بىلىشنى خالىساڭ جاھان سىرىنى، سەن بىلىم ئالغىن،
بىلىم بىلەن كىشى ئەسرارى ئالەمدىن بولار ئاگاھ.

3. تۇرمۇش ھەققىدە

ئەقىللىك، ئەخلاقلىق بولغاچقا ئىنسان،
«مەخلۇقات ئەۋزىلى» بولۇپ تونۇلغان.
ئۇنىڭدا بولمىسا ئىدى بۇ خىسلەت،
ئەلۋەتتە ئۇ ھامان بولاتتى ھايۋان.

※ ※ ※

بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ ئۇنى پەش قىلمىغىن،
كۆرسىتىپ بىر ياخشىلىقنى كۆزىگە بەش قىلمىغىن.
كىمگە قىلساڭ ياخشىلىق ئەلۋەتتە خالىس قىل ئۇنى،
يوقسە سەن مىننەت بىلەن دىللارنى كىر، غەش قىلمىغىن.

※ ※ ※

گەر ئىلاجىم بولسا كەينىگە ۋاقىتنى ياندۇرۇپ،
مەن ئۆمۈرنى يېڭى بىر ئىزغا قوياتتىم ماڭدۇرۇپ.

ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىمنى قىلىپ ئىنكار ھامان،
كۆل قىلاتتىم ئۇنى بىر جاڭگالغا ئوخشاش ياندۇرۇپ.

※ ※ ※

دائىم جايىم قىرائەتخانا، ھەمراھىم كىتاب،
ئىش قورالىمدۇر قەلەم، قەغەزلىرىم ئېيتسام ئاتاپ.
مەن «كېسەل»، «زەئىپ» دېمەستىن كۈچ چىقاردىم تىرىشىپ،
مەنىۋى بايلىق ياراتتىم يار ـ جانانىمغا ياراپ.

※ ※ ※

ھەممە ئادەمدە كۆڭۈل بار، ئوخشاسىماس كەڭ ـ تارلىقى،
ئېيتىلار ئەمما كۆڭۈل دەپ، ئاتىلىشتا بارلىقى.
تار كۆڭۈل قىلماقنى ئىستەر بۇ جاھاننى ئۆزىدەك.
كۆڭلى كەڭنىڭ ئىستىكى ـ ئالەمنىڭ كەڭ گۈلزارلىقى.

※ ※ ※

ئويلىماي ئىش قىلساڭ كەلتۈرەر ساڭا
پۇشايمان، نادامەت مۇقەررەر ساڭا.
سەن ئىشنىڭ ئالدىدا ئاخىرىغا باق،
ئالدىراڭغۇلۇقتىن كۆپ زەرەر ساڭا.

※ ※ ※

تۆكۈلسۇن خەلقنى دەپ پېشانەڭ تېرى،
بول دوستۇم مىسالى بال يىغار ھەرى.

ياخشىلىق بىلەن تەڭ مىننەتمۇ قىلساڭ،
تۆگەيدۇ ياخشىلىق ھۆرمىتىڭ بەرى.

1985 — 1991 - يىللار. يەكەن.



# يادىكار

(خاتىمە ئورنىدا)

يادلىسۇن ئەۋلادلىرىم دەپ يادىكار ئەتتىم بۇنى،
قانۇ ـ تەر بىرلە سۇغاردىم لالىزار ئەتتىم بۇنى.

ياسىدىم باغ ئۆستۈرۈپ گۈل ئېچىلىپ تاپتى كامال،
تارقىتىپ خۇش بۇي، دىماغلارغا ئىپار ئەتتىم بۇنى.

تۇزىدى ئەيىامى ئۆمرۈمنىڭ گۈلى ــ ياشلىق چېغى،
تۇزىماس گۈللەر ئېچىلغان نەۋباھار ئەتتىم بۇنى.

ئىستىكىم گويا كېيىكتەك قاچىسىمۇ بەرمەي تۇتقۇق،
بولدى بەختىم يار ئاخىر قوغلاپ شىكار ئەتتىم بۇنى.

تىرنىقىم بىلە قېزىپ تاغ سۇ چىقاردىم بىر ئېرىق،
تاكى ئىچكەي تەشنالار دەپ يادىكار ئەتتىم بۇنى.

1991 - يىل، يەكەن.

本集子里的作品，以鲜明的艺术形象刻画出五彩缤纷的生活画面。


祖 国 之 恋
（诗　　集）
作者：努尔买买提（尔克）
买买提伊明·吐合提尼牙子（崔祖克）
责任编辑：阿吉米尔扎义德·克里木
责任校对：阿布都克依木　艾拜都拉

喀 什 维 吾 尔 文 出 版 社 出 版
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　1/32开本　4.875 印张　1插页
1993年12月第1版　1994年 2月 第1次印刷
印数：1——3070

ISBN7—5373—0438—6/I·107（民文）
定价：1.80元

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن

ISBN7－5373－0438－6/I·107 （民文）

باھاسى: 1.80 يۈەن